
بسم الله الرحمن الرحيم
واعتصموا بحبل الله جميعا ولا تفرقوا
جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى
المسلم الصيني
2
199
مجلة إسلامية ثقافية علمية جامعة




1998-يىل 4-ئاينىڭ 7-كۈنى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى قۇربان ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن 250 نەپەر جۇڭگولۇق ۋە چەت ئەللىك مۇسۇلمانلارغا تەنتەنىلىك زىياپەت بەردى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىرى چېڭ سىيۈەن، تۆمۈر داۋامەت، دۆلەت كومىسسارى ئىسمائىل ئەھمەد، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرى جاۋ نەنچى، بەي لىچېن ھەمدە سەيپىدىن ئەزىزى ۋە ئۇنىڭ رەپىقىسى، شۇنداقلا مەركەزدىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى، ئىسلام ئەللىرىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ خانىمى، بېيجىڭدا ئىشلەۋاتقان چەت ئەللىك مۇتەخەسسىلەر ھەم بېيجىڭ شەھىرىدىكى ئىسلام دىنى زاتلىرى، مۇسۇلمان ئالىملار بۇ مۇبارەك بايرامنى بىللە ئۆتكۈزدى.




بۇ يىل جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى د
2000دىن ئارتۇق ھەر مىللەت مۇ-
ھەج تاۋاپقا ئۇيۇشتۇردى. ھەج قا
تۇنجى تۈركۈمى بېيجىڭدىن مېڭ
جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رە
ئەنشۈېي قاتارلىق رەھبەرلىرى
ئەرەبىستاننىڭ جۇڭگودا تۇرۇ
ئەلچىسى يۇسۇف مۇھەممەد ئەل مەدا
ئايرودورمغا چىقىپ ئۇزىتىپ قويدى.



جۇڭگو-مىسىر ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش كېلىشىمگە ئاساسەن، بۇ يىلمۇ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى مىسىردىكى ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىماملار كۇرسىغا بەش نەپەر ياش ئىمامنى ئوقۇشقا ئەۋەتتى. ئۇلار مېڭىش ئالدىدا، ئىسلام جەمئىيىتى رەھبەرلىرى مۇھەممەد ھەنەفى ۋەن ياۋبىن، نوئمان ما شيەن، مۇھەممەد سەئىد ما يۈنفۇ، شەمشىدىن ھاجىلار ۋە ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى خالىد ياڭ زۈڭشەن ئۇلار بىلەن بىللە سۆھبەت ئۆتكۈزدى ۋە خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.

# «قۇرئان كەرىم»دىن




«ئىسراپ قىلغۇچىلار ھەقىقەتەن شەيتانلارنىڭ قېرىنداشلىرىدۇر، شەيتان پەرۋەردىگارىغا تولىمۇ كۇپرانى نېمەت قىلغانىدى» (17-سۈرە «بەنى ئىسرائىل»، 27-ئايەت).

(خەتتات: سالىھ)

# مۇندەرىجە


2-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ۋەز-تەبلىغ مۇسابىقىسى بېيجىڭدا
داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى ········· ھاجى مەھمۇدى (4)

**ئىسلام ئەقىدىلىرى**

دۇئانىڭ ئەھمىيىتى ۋە خاسىيەتلىك دۇئالار
························ مۇھەممەد سالىھ (9)
ئاللاتائالانىڭ سوئال-سوراق قىلىش ئۇسۇلىنى قانداق
چۈشىنىش كېرەك؟ ················ چېڭ فالى (34)

**ئىسلام ئىلمى تەتقىقاتى**

"ئەھكامۇل ئىمان" (ئىمان ھۆكۈمى) نىڭ دىنىي ئەھمىيىتى
ۋە رېئال ئەھمىيىتى ئۈستىدە قىسقىچە مۇلاھىزە
························ لى خۇڭمىڭ (36)
تاۋار سودىسى جەريانىدىكى ئىسلام پرىنسىپى ھەققىدە مۇلاھىزە
······························ چېن جۈن (40)
خۇراپاتلىقنىڭ زىيىنى ·········· نۇرمۇھەممەد ھەسەن (43)

**ۋەز-تەبلىغ**

ئىسلام دىنى ئىقتىسادچىللىقنى تەشەببۇس قىلىپ،
ئىسراپچىلىققا قارشى تۇرىدۇ ······ خۇاڭ يىچۈەن (45)

**زەھەرلىك چېكىملىك ۋە ئىچىملىكلەرگە لەنەت**

زەھەرلىك چېكىملىكلەردىن ھەزەر ئەيلەش توغرىسىدا
ياشلىرىمىزغا مۇراجىئەت ········ مۆھتەرەم ھاجى (47)



جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

中国穆斯林
CHINA MUSLIM
(پەسىللىك ژۇرنال)

باشقۇرغۇچى: جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى
تۈزگۈچى ۋە نەشر قىلغۇچى:
«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
مەسئۇل مۇھەررىر: شەمشىدىن ھاجى
تەكلىپلىك مۇھەررىر: رىشىت ھاجى ۋاھىدى
خنكا تەھرىرى: ئابلىز قاسىم
رقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ھاجى ۋاھىدى
باسقۇچى: مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى باسما زاۋۇتى
تارقاتقۇچى ۋە مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى:
«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
(بېيجىڭ شۈەنۋۇ رايونى نەنخېڭشىجې كوچىسى 103-قورۇ)
پوچتانومۇرى: 100053 تېل: 63513181(010)
شىنجاڭ تارقىتىش پونكىتى: ئۈرۈمچى يەنئەن كوچىسى
119-قورۇپوچتانومۇرى:830001 تېل:2865729(0991)

主　　办：中国伊斯兰教协会
编辑出版：《中国穆斯林》维文编辑部
主　　编：夏米西丁哈吉
特聘编辑：热西提哈吉·瓦依提
技术编辑：阿布力孜·卡斯木
封面设计：哈吉瓦依提
印　　刷：中央民族大学印刷厂
发行订阅：《中国穆斯林》维文编辑部
（北京市宣武区南横西街 103 号）
邮政编码：100053 电话：(010)63513181
新疆发行站：乌鲁木齐延安路 119 号
邮政编码：830001 电话：(0991)2865729

ئىسلام دىنىنىڭ ئىچىملىك ۋە چېكىملىك چەكلىملىرى .................. خەيرىگۇل ئابدۇغوپۇر (53)


## ئىسلام دۇنياسى


ئىسلام دۇنياسىغا مەشھۇر «قۇرئان كەرىم» باسمىخانىسى .................. مۇسا چىن يۈيلۇڭ (56)


## ئىسلام مائارىپى


خوتەن ۋىلايىتىدە ئىسلام دىنىي مەكتىپى قۇرۇلدى.................. تۇرغۇن ئىمىن (58)
قىزىلسۇ ئوبلاستىدا تۇنجى قېتىم ئېچىلغان بۇۋىلەر كۇرسى ئاخىرلاشتى .......... رازىق ھاجى (58)


## ئىسلام جەمئىيەتلىرى پائالىيەتلىرى


قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يەكەن، قاغىلىق، كوناشەھەر ناھىيىلىرىدە دىنىي خادىملار كۇرسى ئېچىلدى
.................................. ياقۇپ ھاجى مۇھەممەد (59)
خوتەن ۋىلايەتلىك ئىسلام دىنى 2-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى ئېچىلدى
.................................. تۇرغۇن ئىمىن، سادىر تۇرسۇننىياز (33)
قەشقەركوناشەھەر ناھىيىلىك ئىسلام دىنى 2-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى چاقىرىلدى ياقۇپ ھاجى مۇھەممەد (60)
قاراقاش ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى 2-نۆۋەتلىك ھەيئىتىنىڭ 2-سانلىق يىغىنى غەلىبىلىك ئېچىلدى
.................................. توختىمۇھەممەت نۇرمۇھەممەت، خوجابدۇللا قاسىم (60)


## خەۋەرلەر


جۇڭگو ھاجىلىرى ھەج پەرزىنى ئادا قىلىپ ۋەتەنگە ئامان-ئېسەن قايتىپ كەلدى ..............
.................................. ھاجى مەھمۇدى (61)
مۇئاۋىن رەئىس ئابدۇقادىر نەسرىدىن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى ... ئۆز مۇخبىرىمىز (62)
شىنجاڭ دىنىي زاتلار ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى ..........
.................................. ئۆز مۇخبىرىمىز (62)
جۇڭگو ئىماملىرى ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا ماڭدى .................. ئۆز مۇخبىرىمىز (62)
خوتەن ۋىلايىتىدە "قوش بەشتە ياخشى"لارنى تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىلدى
.................................. تۇرغۇن ئىمىن، سادىر تۇرسۇننىياز (63)
يەكەن ناھىيىسىدە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى توپلاش خىزمىتى ياخشى ئىشلەندى
.................................. ئابلا تۇرسۇن (8)
مەكىت ناھىيىسىدىكى دىنىي زاتلار بېيىش يولىغا ماڭدى .................. ياقۇپ ھاجى مۇھەممەد (63)
53-تۇەن رەھبەرلىكى بىر قىسىم مۇسۇلمان ئاممىنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلدى ... تۇرسۇن بارات (63)
ئاقساقمارال يېزىسى ئىككى ژۇرنالغا مۇشتەرى توپلاشقا ئەھمىيەت بەرمەكتە .......... مۇھەممەد ئەمەت (44)
ژۇرنىلىمىز ئىئانىچىلىرىغا تەشەككۇر.................. «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى (64)


مۇقاۋىنىڭ 1-بېتىدە: كورلا شەھىرىدىكى بازار جامە مەسچىتىنىڭ ياندىن كۆرۈنۈشى.


★ 1998-يىل 6-ئاينىڭ 1-كۈنى نەشىردىن چىقتى ★

جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

中国穆斯林
CHINA MUSLIM
(پەسىللىك ژۇرنال)

باشقۇرغۇچى: جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى
تۈزگۈچى ۋە نەشر قىلغۇچى:
«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
مەسئۇل مۇھەررىر: شەمشىددىن ھاجى
مەكىلىپلىك مۇھەررىر: رىشىت ھاجى ۋاھىدى
تېخنىكا تەھرىرى: ئابلىز قاسىم
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ھاجى ۋاھىدى
باسقۇچى: مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى باسما زاۋۇتى
تارقاتقۇچى ۋە مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى:
«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
(بېيجىڭ شۈەنۋۇ رايونى نەنخېڭشىجې كوچىسى 103-قورۇ)
پوچتا نومۇرى: 100053 تېل: (010)63513181
شىنجاڭ تارقىتىش پونكىتى: ئۈرۈمچى يەنئەن كوچىسى
119-قورۇ پوچتا نومۇرى: 830001 تېل: (0991)2865729

主　　办：中国伊斯兰教协会
编辑出版：《中国穆斯林》维文编辑部
主　　编：夏米西丁哈吉
特聘编辑：热西提哈吉・瓦依提
技术编辑：阿布力孜・卡斯木
封面设计：哈吉瓦依提
印　　刷：中央民族大学印刷厂
发行订阅：《中国穆斯林》维文编辑部
（北京市宣武区南横西街 103 号）
邮政编码：100053 电话：(010)63513181
新疆发行站：乌鲁木齐延安路 119 号
邮政编码：830001 电话：(0991)2865729

# مۇندەرىجە

2-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ۋەز-تەبلىغ مۇسابىقىسى بېيجىڭدا
داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى ......... ھاجى مەھمۇدى (4)

## ئىسلام ئەقىدىلىرى

دۇئانىڭ ئەھمىيىتى ۋە خاسىيەتلىك دۇئالار
.............................. مۇھەممەد سالىھ (9)
ئاللاتائالانىڭ سوئال-سوراق قىلىش ئۇسۇلىنى قانداق
چۈشىنىش كېرەك؟ ............... چېڭ فالى (34)

## ئىسلام ئىلمى تەتقىقاتى

"ئەھكامۇل ئىمان" (ئىمان ھۆكۈمى) نىڭ دىنىي ئەھمىيىتى
ۋە رېئال ئەھمىيىتى ئۈستىدە قىسقىچە مۇلاھىزە
.............................. لى خۇڭمىڭ (36)
تاۋار سودىسى جەريانىدىكى ئىسلام پرىنسىپى ھەققىدە مۇلاھىزە
.............................. چېن جۈن (40)
خۇراپاتلىقنىڭ زىيىنى ........... نۇرمۇھەممەد ھەسەن (43)

## ۋەز-تەبلىغ

ئىسلام دىنى ئىقتىسادچىللىقنى تەشەببۇس قىلىپ،
ئىسراپچىلىققا قارشى تۇرىدۇ ...... خۇاڭ يىچۈەن (45)

## زەھەرلىك چېكىملىك ۋە ئىچىملىكلەرگە لەنەت

زەھەرلىك چېكىملىكلەردىن ھەزەر ئەيلەش توغرىسىدا
ياشلىرىمىزغا مۇراجىئەت ......... مۆھتەرەم ھاجى (47)

ئىسلام دىنىنىڭ ئىچىملىك ۋە چېكىملىك چەكلىمىلىرى ........ خەيرىگۈل ئابدۇغوپۇر (53)

## ئىسلام دۇنياسى

ئىسلام دۇنياسىغا مەشھۇر «قۇرئان كەرىم» باسمىخانىسى ........ مۇسا چېن يۈيلوڭ (56)

## ئىسلام مائارىپى

خوتەن ۋىلايىتىدە ئىسلام دىنىي مەكتىپى قۇرۇلدى........ تۇرغۇن ئىمىن (58)
قىزىلسۇ ئوبلاستىدا تۇنجى قېتىم ئېچىلغان بۇۋىلەر كۇرسى ئاخىرلاشتى ........ رازىق ھاجى (58)

## ئىسلام جەمئىيەتلىرى پائالىيەتلىرى

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يەكەن، قاغىلىق، كوناشەھەر ناھىيىلىرىدە دىنىي خادىملار كۇرسى ئېچىلدى
........ ياقۇپ ھاجى مۇھەممەد (59)
خوتەن ۋىلايەتلىك ئىسلام دىنى 2-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى ئېچىلدى
........ تۇرغۇن ئىمىن، سادىر تۇرسۇننىياز (33)
قەشقەركوناشەھەر ناھىيىلىك ئىسلام دىنى 2-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى چاقىرىلدى ياقۇپ ھاجى مۇھەممەد (60)
قاراقاش ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى 2-نۆۋەتلىك ھەيئىتىنىڭ 2-سانلىق يىغىنى غەلىبىلىك ئېچىلدى
........ توختىمۇھەممەت نۇرمۇھەممەت، خوجابدۇللا قاسىم (60)

## خەۋەرلەر

جۇڭگو ھاجىلىرى ھەج پەرزىنى ئادا قىلىپ ۋەتەنگە ئامان-ئېسەن قايتىپ كەلدى ........
........ ھاجى مەھمۇدى (61)
مۇئاۋىن رەئىس ئابدۇقادىر نەسرىدىن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى ... ئۆز مۇخبىرىمىز (62)
شىنجاڭ دىنىي زاتلار ئېكىسكۇرسىيە ئۆمىكى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى ........
........ ئۆز مۇخبىرىمىز (62)
جۇڭگو ئىماملىرى ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا ماڭدى ........ ئۆز مۇخبىرىمىز (62)
خوتەن ۋىلايىتىدە "قوش بەشتە ياخشى"لارنى تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىلدى
........ تۇرغۇن ئىمىن، سادىر تۇرسۇننىياز (63)
يەكەن ناھىيىسىدە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى توپلاش ھىرمىتى ياخشى ئىشلەندى
........ ئابلا تۇرسۇن (8)
مەكىت ناھىيىسىدىكى دىنىي زاتلار بېيىش يولىغا ماڭدى ........ ياقۇپ ھاجى مۇھەممەد (63)
53-تۇمەن رەھبەرلىكى بىر قىسىم مۇسۇلمان ئامىمىنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلدى ... تۇرسۇن بارات (63)
ئاقساقمارال يېزىسى ئىككى ژۇرنالغا مۇشتەرى توپلاشقا ئەھمىيەت بەرمەكتە ........ مۇھەممەد ئەمەت (44)
ژۇرنىلىمىز ئىئانىچىلىرىغا تەشەككۈر........ «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى (64)

مۇقاۋىنىڭ 1-بېتىدە: كورلا شەھىرىدىكى بازار جامە مەسچىتىنىڭ ياندىن كۆرۈنۈشى.

★ 1998-يىل 6-ئاينىڭ 1-كۈنى نەشىردىن چىقتى ★

# 2-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ۋەز-تەبلىغ مۇسابىقىسى بېيجىڭدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى

مەملىكىتىمىزنىڭ ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلىشىپ، ۋەز-تەبلىغ مەزمۇنىنى دەۋر تەلىپىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش، كەڭ خاتىپ-ئىماملارنىڭ ۋەز-تەبلىغ قىلىش سەۋىيىسى ۋە سەنئىتىنى ئۆستۈرۈش، ئۆزئارا ئۆگىنىش ۋە تەجرىبە ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 1998-يىل 4-ئاينىڭ 27-كۈنىدىن 30-كۈنىگىچە ئىسلام جەمئىيىتى زالىدا 2-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ۋەز-تەبلىغ مۇسابىقىسىنى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزدى. 1996-يىلى جەمئىيىتىمىز جۇڭگو تارىخىدا تۇنجى نۆۋەتلىك ۋەز-تەبلىغ مۇسابىقىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۇيۇشتۇرۇپ، ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى ۋە ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ ياخشى باھاسى ۋە ماختىشىغا سازاۋەر بولغانىدى. بۇ نۆۋەتتىكى مۇسابىقىمۇ پۇختا تەييارلىق ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلدى، مۇسابىقە باشلىنىشتىن ئىلگىرى ھەرقايسى جايلاردىكى دىنىي ئىشلار تارماقلىرى ۋە ئىسلام جەمئىيەتلىرى بۇ مۇسابىقىگە يۇقىرى دەرىجىدە ئەھمىيەت بەردى، كەڭ خاتىپ-ئىماملار ۋە مۇسۇلمانلار ئاممىسى بۇ مۇسابىقىنى ئاكتىپ قوللىدى، بىرمۇنچە جايلاردىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرى يەنە بۇ نۆۋەتتىكى مەملىكەتلىك مۇسابىقىگە يۇقىرى سەۋىيىلىك ۋەز-تەبلىغچىلەرنى قاتناشتۇرۇش ئۈچۈن مەخسۇس تاللاش مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇردى. ئاخىر مەملىكەت بويىچە 25 ئۆلكىلىك، شەھەرلىك، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيەتلىرى ۋە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى جەمئىي 109 نەپەر ۋەز-تەبلىغچىنى تاللاپ، دەسلەپكى باھالاپ بېكىتىشكە يوللىغانىدى، ئىسلام جەمئىيىتىدىكى مۇناسىۋەتلىك كەسپىي خادىملارنىڭ ۋەز-تەبلىغچىلەرنىڭ تەبلىغ ماقالىلىرىنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ بېكىتىشى بىلەن، ئاخىر 46 نەپەر مۇنەۋۋەر ۋەز-تەبلىغچى تاللاپ مۇسابىقىگە قاتناشتۇرۇلدى، ئۇلارنىڭ 41 نەپىرى خۇيزۇ، بەش نەپىرى ئۇيغۇر، 42 نەپىرى ئەر، تۆت نەپىرى ئايال بولۇپ، ھەممىسى ياش ئاخۇن-موللىلار، ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ نۆۋەتتىكى مۇسابىقىگە ۋەز-تەبلىغچى قاتناشتۇرالمىغان بىر قىسىم ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلار تەكلىپكە بىنائەن ياش ئاخۇنلاردىن تاللاپ مۇسابىقىنى كۆرۈشكە ۋە ئۆگىنىشكە ئەۋەتتى.

4-ئاينىڭ 27-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن بۇ نۆۋەتتىكى ۋەز-تەبلىغ مۇسابىقىسى جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتى تالىپى ما ۋېنشىن (شىنجاڭلىق خۇيزۇ تالىپ) نىڭ قۇرئان تىلاۋىتى بىلەن باشلاندى. ئاندىن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى سالىھ ئەن شۇبېي ئاخۇن مۇسابىقىنىڭ باشلىنىشى مۇناسىۋىتى بىلەن نۇتۇق سۆزلەپ، جايلاردىن بۇ نۆۋەتتىكى مۇسابىقىگە قاتنىشىش ئۈچۈن كەلگەن ۋەز-تەبلىغچىلەرنى ۋە مېھمانلارنى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە ۋاكالىتەن قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ئۆتكەندىن كېيىن مۇنداق دېدى: ”ۋەز-تەبلىغ قىلىش — بىز ئىمام-ئاخۇنلارنىڭ جۈمە كۈنى ھەم تۈرلۈك دىنىي ھېيت-ئايەم ۋە سورۇنلاردا مۇسۇلمانلارغا نەسىھەت ئېلىپ بارىدىغان دىنىي تەرغىبات ئۇسۇلىمىز، ئۇنىڭ مەزمۇنى دىنىي ئەھكام، شەرىئەت، ئىبادەت، ئەمەل، ئەدەب-ئەخلاق، تارىخىي جەريان، «قۇرئان كەرىم»، ھەدىس شەرىپ ھەم پەيغەمبەر ۋە دانىشمەنلەرنىڭ ئىش ئىزلىرى قاتارلىق جەھەتلەرگە چېتىلىدۇ. ۋەز-تەبلىغنى ياخشى قىلىش كەڭ مۇسۇلمانلارنى ئىسلام دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى ۋە شەرىئەت نىزاملىرىنى توغرا بىلىش ۋە چۈشىنىشكە، دىنىي ئەمەللەرنى ۋە ئەدەب-ئەخلاق قائىدىلىرىنى ئەستايىدىل بەجا كەلتۈرۈشكە، «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىپ تەلىماتلىرىغا ئەمەل قىلىشقا، پەيغەمبەر ۋە دانىشمەنلەرنىڭ ئېسىل پەزىلەتلىرىنى ئۆگىنىشكە يېتەكلەش، دىنىي ئەمەللەرنى نورمال بېجىرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيلىك ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىغا ئاكتىپ ئاتلىنىشقا رىغبەتلەندۈرۈش جەھەتتە ئىنتايىن مۇھىم تەسىر ۋە

ئەھمىيەتكە ئىگە. مۇشۇ سەۋەبتىن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 1996-يىلى تۇنجى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ۋەز-تەبلىغ مۇسابىقىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزگەنىدى. يېقىنقى ئىككى يىلدىن بېرى، ھەرقايسى جايلارمۇ ۋەز-تەبلىغ مۇسابىقىسىنى چوڭ-كىچىك كۆلەمدە قانات يايدۇرۇپ، دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ نورمال ئېلىپ بېرىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاخۇن-موللىلارنىڭ ۋەز-تەبلىغ قىلىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئاكتىپلىقىغا مەدەت بېرىپ، ھەر دەرىجىلىك مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ، كەڭ ئاخۇن-موللىلارنىڭ ۋە مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ياخشى باھاسىغا ئېرىشىش بىلەن، خېلى ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. بۇ خىزمەتنىڭ داۋاملىق قانات يايدۇرۇلۇشى ئۈچۈن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى بۇ نۆۋەتتىكى مۇسابىقىنى ئۇيۇشتۇردى، بۇنىڭدىكى مەقسەت، مۇسابىقە ئارقىلىق جايلاردىكى ئاخۇن-موللىلارنىڭ ۋەز-تەبلىغ مۇنبىرىدىن تېخىمۇ ياخشى پايدىلىنىپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل تارىخىي، مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنى ۋە يۈكسەك ئەخلاق-پەزىلەتلىرىنى نامايان قىلىشى ۋە جارى قىلدۇرۇشىغا ھەمدە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ۋە قانۇن-تۈزۈم، سىياسەت تەربىيىسىنى ۋەز-تەبلىغ مەزمۇنىغا ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەتەننى سۆيۈش، دىنىنى سۆيۈش روھىغا ئىلھام بېرىپ، ئۇلارنى يەنە بىرقەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى ئاسراش بىلەن، ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا تۆھپە قوشىدىغان قىلىشقا تۈرتكە بولۇشتىن ئىبارەت. ئاخىردا ئەن شۆبىي ئاخۇن مۇسابىقىگە قاتناشقۇچى ۋەز-تەبلىغچى ۋە كۆرەكچى ئاخۇنلارنىڭ بۇ قىممەتلىك پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئۆزئارا ئۆگىنىپ، تەجرىبە ئالماشتۇرۇپ، بىر-بىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى قوبۇل قىلىپ، يېتەرسىزلىكلىرىنى تولۇقلاپ، بىرلىكتە ئالغا ئىلگىرىلىشىنى ئۈمىد قىلدى.

مۇسابىقە خەنزۇ تىلى گۇرۇپپىسى ۋە ئۇيغۇر تىلى گۇرۇپپىسىدىن ئىبارەت ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ ئېلىپ بېرىلدى. مۇسابىقە جەريانىدا، ۋەز-تەبلىغچىلەر ۋەز-تەبلىغنى «قۇرئان كەرىم»، ھەدىس شەرىپ ۋە كىتابلاردىن نەقىل كەلتۈرۈپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئەھكاملىرى، شەرىئەت، ئەخلاقىي قارىشى، پەيغەمبەر ۋە دانىشمەنلەرنىڭ ئىش ئىزلىرى قاتارلىقلارنى مەزمۇن قىلىپ سۆزلەپلا قالماستىن، يەنە قانداق قىلىپ ئىسلام مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈش، يۈكسەك ئەخلاق-پەزىلەتنى تەشەببۇس قىلىش، مۇسۇلمانلارنى ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىغا ئاكتىپ قاتنىشىشقا رىغبەتلەندۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆز قاراشلىرىنى بايان قىلىپ، يېڭى مەزمۇنلۇق ۋە دەۋر روھىغا باي ۋەز-تەبلىغلەرنى قىلدى. بولۇپمۇ تۆت نەپەر ئايال تەبلىغچى ئۆزلىرىنىڭ دىنىي بىلىمى ۋە ساغلام، رىئال مەزمۇنلۇق، جانلىق ۋەزلىرى ئارقىلىق ئالاھىدە تەسىر پەيدا قىلىپ، زامانىۋى مۇسۇلمان ئاياللىرىنىڭ خىسلىتىنى نامايان قىلدى.

ئۈچ كۈنلۈك جىددىي مۇسابىقىلىشىش ئارقىلىق، ئاتاقلىق ئۆلىمالار، ئاخۇنلار ۋە مۇتەخەسسىسلەردىن تەركىب تاپقان باھالاش ھەيئىتىنىڭ ئەستايىدىل ۋە ئادىل باھالاپ نومۇر قويۇشى بىلەن، خەنزۇ تىلى گۇرۇپپىسى بويىچە سەندۇڭ ئۆلكىسىدىن لىۋ خۇگجۇن ئاخۇن بىرىنچىلىكنى، نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونىدىن ما شۇي ئاخۇن ئىككىنچىلىكنى، چىڭخەي ئۆلكىسىدىن ما جەنلىن ئاخۇن ئۈچىنچىلىكنى ئالدى؛ ئۇيغۇر تىلى گۇرۇپپىسى بويىچە خوتەن لوپتىن ئابدۇل ھەمىد مەخسۇم (ئىمام ۋە خاتىپ)، قەشقەر ئىسلام دىنى مەكتىپىنىڭ تالىپى مەمتىمىن ئابلىھېكىملار، ئاياللار گۇرۇپپىسىدىن نىڭشيالىق ما شاۋفاڭ ئالاھىدە مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

4-ئاينىڭ 30-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن مۇسابىقىنىڭ ئاياغلىشىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. مۇراسىمغا مۇسابىقە قاتناشچىلىرىدىن باشقا، دۆلەت دىن ئىشلىرى ئىدارىسى، مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتى قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ مۇناسىۋەتلىك مەسئۇللىرى، جەمئىيىتىمىزنىڭ رەئىس، مۇئاۋىن رەئىس،

مەسلىھەتچى، مۇئاۋىن باش كاتىپلىرى، بېيجىڭدىكى بىر قىسىم دائىمىي ھەيئەت ۋە ھەيئەت ئەزالىرى، جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە بارلىق ئۇستاز-تالىپلىرى، بېيجىڭ شەھەرلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى، شۈەنۋۇ رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە بېيجىڭ شەھەرلىك ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ ئۇستاز-تالىپلىرى، مۇناسىۋەتلىك ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ مۇخبىرلىرى بولۇپ 200دىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى. مۇراسىمغا ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مۇھەممەد سەئىد مايۇنفۇ رىياسەتچىلىك قىلدى. ئاخىرلىشىش مۇراسىمىنى قۇرئان تىلاۋەت قىلىش بىلەن باشلاندى، ئاندىن خەنزۇ تىلى بويىچە ئەرلەر گۇرۇپپىسى، ئاياللار گۇرۇپپىسى ۋە ئۇيغۇر تىلى گۇرۇپپىسىدىن نەتىجىگە ئېرىشكەن بەش ئاخۇن ئۆرنەك كۆرسىتىپ ۋەز-تەبلىغ قىلدى. مۇئاۋىن رەئىس قوشۇمچە باش كاتىپ مۇھەممەد ھەنەفى ۋەن ياۋبىن خۇلاسە نۇتقى سۆزلىدى. ئۇ ئالدى بىلەن بۇ نۆۋەتتىكى مۇسابىقىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاياغلاشقانلىقىنى جاكارلاش بىلەن مۇسابىقىدە ياخشى نەتىجىگە ئېرىشكەن ۋەزچىلەرنى قىزغىن تەبرىكلىدى ھەمدە بۇ نۆۋەتتىكى مۇسابىقىنى ئۇيۇشتۇرۇشقا زور كۈچ بىلەن مەدەت بەرگەن، يېقىندىن ماسلاشقان دۆلەت دىن ئىشلىرى ئىدارىسى، ھەرقايسى جايلاردىكى دىن ئىشلىرى تارماقلىرى ۋە ئىسلام جەمئىيەتلىرىگە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى نامىدىن چوڭقۇر تەشەككۇر ئېيتتى. ئۇ يەنە مۇنداق دېدى: "'ۋەز-تەبلىغ' دېگەن سۆز ۋەز-نەسىھەت قىلىش دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، كىشىلەرگە ياخشى ئىش قىلىش، يامان ئىش قىلماسلىق توغرىسىدا نەسىھەت قىلىشنى، يەنى دىنغا خىلاپ، قانۇنغا خىلاپ، ئەخلاق-پەزىلەتكە خىلاپ يامان ئىشلارنى قىلماسلىق توغرىسىدا نەسىھەت قىلىپ، ئۇلارنى دىنغا، دۆلەتكە، خەلققە پايدىلىق ياخشى ئىشلارنى كۆپرەك قىلىشقا يېتەكلەشنى كۆرسىتىدۇ. "ۋەز-تەبلىغ"—ئىمام-ئاخۇن، ئۆلىمالار جۈمە كۈنى، تۈرلۈك دىنىي بايرام ۋە سورۇنلاردا مۇسۇلمانلارغا ۋەز-نەسىھەت قىلىدىغان ئەنئەنىۋى دىنىي نۇتۇق سۆزلەش شەكلى، ئۇنىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە چېتىلىدۇ. بىزنىڭ بۇ نۆۋەتتىكى پائالىيەتنى ئېلىپ بېرىشتىكى مەقسىتىمىز كەڭ كۆلەملىك، ئاممىۋى خاراكتېرلىك بۇ دىنىي پائالىيەتنى ئاكتىپ يېتەكلەپ، ۋەز-تەبلىغنىڭ مەزمۇنىنى دەۋرنىڭ تەلىپىگە ماسلاشتۇرۇپ، مۇسۇلمانلارنى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ بىلەن ئىلھاملاندۇرۇش، ئىنتىپاق بولۇپ ئالغا بېسىپ، پائال يۇقىرىغا ئۆرلەش روھى بىلەن يېتەكلەش، يۈكسەك ئەخلاق-پەزىلەت بىلەن تەربىيىلەش ئارقىلىق ئىسلام دىنىنى مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك تەرەققىياتىغا ماسلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت.

ۋەز-تەبلىغ—ئاخۇن-موللىلارنىڭ ئۆزىگە خاس مۇنبىرى، بۇ مۇنبەردىن پايدىلىنىپ، ۋەز-تەبلىغنى ياخشى قىلىش ئاخۇن-موللىلارنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتى. مول مەدەنىيەت بىلىمى ۋە ئىسلام بىلىملىرىگە ئىگە بولغان بىر ئاخۇننىڭ قىلغان ۋەز-تەبلىغى، شەك-شۈبھىسىزكى، مۇسۇلمانلارنى ۋەتەننى سۆيۈش، دىننى سۆيۈش، قانۇن-ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش، پائال ئالغا ئىلگىرىلەش، دىنىي ئەمەللەرنى ياخشى بېجىرىش قاتارلىق جەھەتلەردە يېتەكلەش ۋە ئىلھاملاندۇرۇشتا ئاكتىپ رول ئوينايدۇ. مەملىكىتىمىزدىكى 30 نەچچە مىڭ مەسچىتتە، ھەر ھەپتىنىڭ جۈمە كۈنى ئاخۇن-موللىلار تۈرلۈك مىللىي تىللاردا مىڭلىغان-ئون مىڭلىغان مۇسۇلمانلارغا ۋەز-تەبلىغ قىلىدۇ. ئەگەر پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئاخۇن-موللىلار ۋەز-تەبلىغنىڭ مەزمۇنىغا ئەھمىيەت بېرىپ، ئەستايىدىل تەييارلىق كۆرۈپ، ۋەز-تەبلىغنى ياخشى قىلىدىغان بولسا، بۇ، ئىسلام مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇش، يۈكسەك ئەخلاق-پەزىلەتنى تەشەببۇس قىلىشتا، مۇسۇلمانلارنى ۋەتەننى سۆيۈش، دىننى سۆيۈش، قانۇننىڭ ئىززەت-ئابرۇيىنى قوغداش، خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش ۋە ۋەتەننىڭ پۈتۈنلۈكىنى قوغداشقا يېتەكلەشتە، كەڭ مۇسۇلمانلارنى ۋەتىنىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيلىك ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىغا پائال قاتنىشىشقا رىغبەتلەندۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ۋە مۇھىم رول ئوينايدۇ. ... نەچچە كۈنلۈك جىددىي ۋە قىزغىن مۇسابىقە ئارقىلىق شۇنى خۇشاللىق بىلەن

كۆردۇقكى، ۋەز-تەبلىغ قىلغۇچىلارنىڭ ۋەز-تەبلىغ مەزمۇنى ناھايىتى كەڭ دائىرىدە ۋە ئاكتىپ يۈكسىلىش تېمىسىدا بولۇپ، ئۇلارنىڭ مۇسابىقە جەريانىدا نامايان قىلغان بىلىم سەۋىيىسى ۋە دىنىي خادىملاردا بولۇشقا تېگىشلىك ساپاسى ھەقىقەتەن كىشىنى سۆيۈندۈردى. ئۇلار مەملىكىتىمىزدىكى ياش ئاخۇن-موللىلارنىڭ سىمۋولى ۋە ۋەكىلى، شۇنداقلا مەملىكىتىمىزنىڭ ئىسلام دىنى خىزمىتىنىڭ زاپاس كۈچى ۋە كەلگۈسى ئۈمىدى. ..."

ۋەن ياۋبىن خۇلاسە نۇتقىنىڭ ئاخىرىدا، مۇسابىقە قاتناشچىلىرىنىڭ بۇ قېتىمقى مۇسابىقە ئارقىلىق باشقىلارنىڭ ياخشى تەجرىبىلىرىنى ياخشى ئۆگىنىشنى، ئۆزلىرىنىڭ نەتىجىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزىدە ساقلىنىۋاتقان يېتەرسىزلىك ۋە پەرقلەرنى تېپىپ چىقىپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ "ئىلىم تەلەپ قىلىش بۆشۈكتىن لەھەتكىچە بولۇر"، "ئىلىم يىراق جۇڭگودا بولسىمۇ ئۆگىنىڭلار" دېگەن تەلىمىگە ئەمەل قىلىپ، ئىسلام دىنىي بىلىملىرىنى داۋاملىق تىرىشىپ ئۆگىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئالاھىدە ئەجىر بىلەن دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ۋە پارتىيىنىڭ يۆنىلىش-سىياسەتلىرىنى، سوتسىيالىستىك دېموكراتىك قانۇن-تۈزۈملەرنى، تارىخ، مەدەنىيەت ۋە ھازىرقى زامان پەن-تېخنىكىسى بىلىملىرىنى ئۆگىنىپ، ئۆزىنى ئۈزلۈكسىز تولۇقلاپ، ئۆزىنىڭ ساپاسىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈشنى، شەخس تەربىيىلىنىشنى كۈچەيتىپ، ھەر ئىشتا ئۆزى ئۈلگە بولۇشنى، بۇ ئارقىلىق مەملىكىتىمىزدىكى ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى بارلىق دىنىي زاتلارنىڭ سەۋىيىسى ۋە ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، مەملىكىتىمىزدىكى ئىسلام دىنى خىزمىتىنى نورمال قانات يايدۇرۇشقا تۆھپە قوشۇشنى ئۈمىد قىلدى.

ئاياغلىشىش مۇراسىمىدا يەنە دۆلەت دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى لىۋ شۇشياڭ سۆز قىلىپ، ئالدى بىلەن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 2-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ۋەز-تەبلىغ مۇسابىقىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزگەنلىكىنى ۋە نەتىجىگە ئېرىشكەن ۋەز-تەبلىغچىلەرنى دۆلەت دىن ئىشلىرى ئىدارىسىگە ۋاكالىتەن قىزغىن ۋە سەمىمىي تەبرىكلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئاندىن ئۇ مۇنداق دېدى: "ئىسلام تارىخىدا ۋەز-تەبلىغ قىلىش ئىسلام ئەقىدىلىرىنى تەرغىپ قىلىشتا، مۇسۇلمانلار ئاممىسىنى ئويغىتىشتا مۇھىم رول ئوينىغانىدى، 21-ئەسىرگە قەدەم بېسىش ئالدىدا تۇرغان بۈگۈنكى كۈندە جەمئىيەتنىڭ يۈكسىلىشى، دەۋرنىڭ تەرەققىياتى ۋەز-تەبلىغنىڭ مەزمۇنىنى ياخشىلاش ۋە تەبلىغ قىلىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش جەھەتتە رېئال، ئوبيېكتىپ تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويماقتا. مەملىكىتىمىزنىڭ ئېچىلىك، مائارىپ ۋە باشقا ساھەلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ بىلىم سەۋىيىسى زور دەرىجىدە ئۆسۈپ، ئۇلارمۇ ۋەز-تەبلىغ مەزمۇنى ۋە سەۋىيىسىگە قارىتا تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويماقتا. دەۋرنىڭ بۇ خىل چاقىرىقى ۋە كەڭ ئاممىنىڭ تەشنالىقىنى ھەربىر ئاخۇن ئېنىق ھېس قىلالايدۇ. ۋەتەننى ۋە دىننى سۆيىدىغان بىر دىنىي زات ئۈچۈن ئېيتقاندا، مۇسۇلمانلار ئاممىسىنى توغرا يېتەكلەش ۋە ئويغىتىش، مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىكى ساپاسىنى ھەقىقىي تۈردە ئۆستۈرۈش ئۇلارنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مۇقەددەس دىنىي بۇرچى بولۇپلا قالماي، يەنە باش تارتىپ بولمايدىغان مۇقەددەس ئىجتىمائىي بۇرچىدۇر. قانداق قىلىپ ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، بۈگۈنكى جەمئىيەت ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، دەۋر روھىغا باي، مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ ئىدىيىۋى ھالىتىنى ئىگەللىيەلەيدىغان، قايىل قىلارلىق ئىقتىدارىغا ئىگە ۋەز-تەبلىغ قىلىش ھازىرقى ئىسلام دىنىي زاتلىرىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان مۇھىم بىر مەسىلە. مەسئۇلىيەتچانلىق روھىغا ئىگە ھەربىر دىنىي زات بۇ مەسىلە ئۈستىدە چوڭقۇر تەتقىق قىلىشى ۋە ئىزدىنىشى ھەمدە بۇنىڭغا ئىجادىي خاراكتېرلىك جاۋاب بېرىشى لازىم. تۇنجى نۆۋەتلىك ۋەز-تەبلىغ مۇسابىقىسىغا سېلىشتۇرغاندا، بۇ نۆۋەتتىكى مۇسابىقىغە قاتناشقان ۋەز-تەبلىغچىلەرنىڭ ۋەز-تەبلىغى تېخىمۇ جانلىق ۋە ھاياتلىق مەزمۇنىغا، مەسئۇلىيەتچانلىق روھىغا ئىگە بولۇپ، ئۇلارنىڭ يېڭى بىلىم، يېڭى مەدەنىيەتكە ئىگە يېڭى دەۋر دىنىي

زاتلىرى ئىكەنلىكىدەك سالاپىتىنى گەۋدىلەندۈردى، ئۇلار ئىسلامىيەت كىتابلىرىنىڭ نېگىزلىك مەنىلىرىنى چۈشىنىش، دەۋر ۋە جەمئىيەتنىڭ چوڭ يۈزلىنىشىنى تونۇپ يېتىش، ۋەز ـ تەبلىغ قىلىش ئىقتىدارى قاتارلىق جەھەتلەردە ئۈستۈن ئەمەلىي كۈچى ۋە يۇقىرى سەۋىيىسىنى نامايان قىلدى، بۇ ھال ھەقىقەتەن كىشىنى چىن قەلبىدىن سۆيۈندۈردى. يىغىپ ئېيتقاندا، ئۆتكەنكىگە سېلىشتۇرغاندا، بۇ نۆۋەت ھەقىقەتەن ئىلگىرىلەش بار. ئەمما دەۋر بىزگە تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويۇۋاتىدۇ. شۇڭا، سىلەرنىڭ داۋاملىق ئىلگىرىلەپ، تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە چىقىشىڭلارنى، جايلارغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن، تەجرىبىلەرنى ئۆز ۋاقتىدا ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، سەۋىيەڭلارنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈشتىن سىرت، ئۆز جايلىرىڭلاردىكى ئاخۇنلارغا پائال باشلامچىلىق قىلىپ، جايلىرىڭلاردا يېڭىچە ۋەز ـ تەبلىغنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، ۋەز ـ تەبلىغنى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدا تېخىمۇ زور ئاكتىپ رول ئوينايدىغان قىلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى قارارلىق ئۆتكۈزۈۋاتقان مەملىكەت خاراكتېرلىك ۋەز ـ تەبلىغ مۇسابىقىسى يېڭىچە ۋەز ـ تەبلىغنى ئومۇملاشتۇرۇش، پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدە ۋەز ـ تەبلىغ سەۋىيىسىنى يەنە بىر قەدەم ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشتىكى مۇھىم بىر شەكىل بولۇپ، مەملىكىتىمىزدە ئىسلام دىنىنى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشتا، ئىسلام دىنىنىڭ ۋەتەننى سۆيۈش، دىنىنى سۆيۈش، ئىككىلا ئالەملىككە ئوخشاش ئېتىبار بېرىشتەك ئېسىل ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇشتا، مۇسۇلمانلار ئاممىسىنى مەملىكىتىمىزنىڭ ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىغا پائال ئاتلىنىشقا رىغبەتلەندۈرۈشتە مۇھىم ۋە چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە.»

لىيۇ شۇشياڭ ئۆز سۆزىنىڭ ئاخىرىدا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مەملىكەتلىك ۋەز ـ تەبلىغ مۇسابىقىسىنى داۋاملىق ئۇيۇشتۇرۇشىنى، بارغانسېرى ياخشى ئۇيۇشتۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ۋە ياخشى ۋەز ـ تەبلىغ ماقالىلىرىنى توپلام قىلىپ نەشر قىلدۇرۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى مەسچىتلەرگە تارقىتىشىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇنىڭدىن كېيىن رەئىس سەھنىسىدىن ئورۇن ئالغان رەھبەرلەر — لىيۇ شۇشياڭ ۋە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىس ـ مۇئاۋىن رەئىسلىرى — ئەن شۈبې ئاخۇن، مۇھەممەد ھەنەفى ۋەن ياۋبىن، نوئمان ما شيەن، ما لياڭجى ئاخۇن، ئابدۇرەھىم ئىمىن، شەمشىدىن ھاجى ۋە مەسلىھەتچى ھاجى ئىلياس شېن شياشى قاتارلىقلار بۇ نۆۋەتتىكى مۇسابىقىدە نەتىجىگە ئېرىشكۈچىلەر ۋە بارلىق مۇسابىقە قاتناشچىلىرىغا گۇۋاھنامە ۋە خاتىرە بۇيۇمى تارقىتىپ بەردى. مۇراسىم ئۇيغۇر تىلى بويىچە ۋەز ـ تەبلىغ قىلىشتا 1 ـ دەرىجىلىك ئالاھىدە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئابدۇل ھەمىد مەخسۇمنىڭ مۇسابىقىنىڭ غەلىبىلىك ئاياغلاشقانلىقىغا ئاتاپ قىلغان دۇئاسى بىلەن ئاخىرلاشتى. مۇراسىمدىن كېيىن دۆلەت دىن ئىشلىرى ئىدارىسى، مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى مۇسابىقە قاتناشچىلىرى شەرىپىگە ئاتاپ زىياپەت بەردى. **ھاجى مەھمۇدى**

**◇ يەكەن ناھىيىسىدە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى توپلاش خىزمىتى ياخشى ئىشلەندى ◇**

يەكەن ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى توپلاش ۋە ئۇنى تارقىتىش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلەپ خۇشاللىنارلىق نەتىجە ياراتتى. ئىسلام جەمئىيىتى خادىملىرى ناھىيىلىك بىرلىك سەپ بۆلۈمى ۋە مىللەتلەر ـ دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ قوللىشى ۋە يېقىندىن ماسلىشىشى ئارقىسىدا پەيتنى چىڭ تۇتۇپ، تەشۋىق خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىگەچكە 1998 ـ يىللىق ژۇرنال ئۈچۈن جەمئىي 2200 مۇشتەرى قوبۇل قىلدى. بۇ جەمئىيەت 1997 ـ يىللىق ژۇرنال ئۈچۈنمۇ 1950 مۇشتەرى توپلىغان ھەم كەلگەن ژۇرنالنى مۇشتەرىلەر قولىغا ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ تۇرغانىدى. شۇڭا مۇشتەرى سانى يىلمۇيىل ئېشىپ باردى. بۇ ژۇرنال ھازىر كەڭ ئېتىقادچى ئامما تەرىپىدىن ئالقىشلىنىدىغان ۋە قولدىن ـ قولغا ئۆتكۈزۈپ ئوقۇپ پايدىلىنىدىغان ياخشى ماتېرىيال بولۇپ قالدى. **(ئابلا تۇرسۇن)**

# دۇئانىڭ ئەھمىيىتى ۋە خاسىيەتلىك دۇئالار

مۇھەممەد سالىھ

(ماقالىنىڭ باش قىسمى ئالدىنقى ساندا)

## دۇئالاردىن تاللانما

ماقالىمىزنىڭ ئالدىنقى قىسمىدا دۇئا قىلىشتىن بۇرۇن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئېيتىشنىڭ دۇئانىڭ قوبۇل بولۇش شەرتلىرىدىن ئىكەنلىكىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەنىدۇق، چۈنكى ئالدى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئېيتىپ، ئاندىن دۇئا قىلىش دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشىدا تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: ”قىلىنغان دۇئا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئېيتىمغۇچە ئاسمانغا ئۆرلىمەي، زېمىن بىلەن ئاسمان ئارىسىدا مۇئەللەق تۇرىدۇ“. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر ھەدىسىدىمۇ مۇنداق دېيىلگەن: ”ماڭا دۇئانىڭ ئالدىدىمۇ، ئوتتۇرىسىدىمۇ، ئاخىرىسىدىمۇ دۇرۇت ئېيتىڭلار“.

”دۇرۇت“ پارسچە سۆز بولۇپ، رەھمەت، دۇئا، مەدھىيە، سالام دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. بۇ يەردىكى دۇرۇتنىڭ مەنىسى ئاللاتائالادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا رەھمەت قىلىشنى، ئۇنىڭ دەرىجىسىنى، شەنىنى (شان-شەرىپىنى) ئۈستۈن ۋە ئۇلۇغ قىلىشنى تىلەشنى كۆرسىتىدۇ.

دۇرۇت ئېيتىشنىڭ رەۋىشىگە (يوسۇنىغا) كەلسەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”دۇئادا تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ماڭا مۇنداق دۇرۇت ئېيتىڭلار“ دېگەن:

اَللّٰهُمَّ صَلِّ عَلٰى مُحَمَّدٍ وَعَلٰى آلِ مُحَمَّدٍ كَمَا صَلَّيْتَ عَلٰى إِبْرَاهِيمَ وَعَلٰى آلِ إِبْرَاهِيمَ إِنَّكَ حَمِيدٌ مَجِيدٌ
اَللّٰهُمَّ بَارِكْ عَلٰى مُحَمَّدٍ وَعَلٰى آلِ مُحَمَّدٍ كَمَا بَارَكْتَ عَلٰى إِبْرَاهِيمَ وَعَلٰى آلِ إِبْرَاهِيمَ إِنَّكَ حَمِيدٌ مَجِيدٌ

**تەرجىمىسى:** ئى ئاللا! مۇھەممەدكە ۋە مۇھەممەدنىڭ جەمەتىگە (خۇددى) ئىبراھىم ۋە ئىبراھىمنىڭ جەمەتىگە رەھمەت قىلغاندەك رەھمەت قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن مەدھىيىگە لايىقسەن، ئۇلۇغسەن؛ ئى ئاللا! مۇھەممەدكە ۋە مۇھەممەدنىڭ جەمەتىگە (خۇددى) ئىبراھىمغا ۋە ئىبراھىمنىڭ جەمەتىگە بەخت ئاتا قىلغاندەك بەخت ئاتا قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن مەدھىيىگە لايىقسەن، ئۇلۇغسەن.

(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدە دۇئانى ئىسمى ئەزەم (ئاللانىڭ گۈزەل ئىسمى) بىلەن باشلاشنىڭ خاسىيەتلىك ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان.)

سُبْحَانَ رَبِّيَ الْعَلِيِّ الْأَعْلَى الْوَهَّابِ

**تەرجىمىسى:** يۈكسەك، ئەڭ ئالىي، كۆپ ئاتا قىلغۇچى پەرۋەردىگارىم پاكتۇر.

(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىلماقچى بولغان دۇئاسىنى مۇشۇ سۆز بىلەن باشلايتتى).

يَا ذَا الْجَلَالِ وَالْإِكْرَامِ

**تەرجىمىسى:** ئى ئەزىمەتلىك ۋە كەرەملىك زات ...

(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”دۇئايىڭلارنى ‹يازەلجالالى ۋەلئىكرام› دېگەن سۆز بىلەن باشلاڭلار“

دېگەن)

قُلِ اللَّهُمَّ مَالِكَ الْمُلْكِ تُؤْتِي الْمُلْكَ مَنْ تَشَاءُ وَتَنْزِعُ الْمُلْكَ مِمَّنْ تَشَاءُ
وَتُعِزُّ مَنْ تَشَاءُ وَتُذِلُّ مَنْ تَشَاءُ بِيَدِكَ الْخَيْرُ، إِنَّكَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ

تەرجىمىسى: ئېيتقىنكى، پادىشاھلىقنىڭ ئىگىسى بولغان ئى ئاللا! خالىغان ئادىمىڭگە پادىشاھلىقنى بېرىسەن، خالىغان ئادەمدىن پادىشاھلىقنى تارتىۋالىسەن؛ خالىغان ئادەمنى ئەزىز قىلىسەن، خالىغان ئادەمنى خار قىلىسەن؛ ھەممە ياخشىلىق(نىڭ خەزىنىسى يالغۇز) سېنىڭ قولۇڭدىدۇر، سەن ھەقىقەتەن ھەممىگە قادىرسەن.
(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "كىشى دۇئا قىلسا ئىجابەت بولىدىغان ئىسمى ئەزەم مۇشۇ ئايەتتەدۇر" دېگەن.)

اَللّٰهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ بِأَنِّي أَشْهَدُ أَنَّكَ أَنْتَ اللّٰهُ لاَ إِلٰهَ إِلاَّ أَنْتَ الأَحَدُ
الصَّمَدُ الَّذِي لَمْ يَلِدْ وَلَمْ يُولَدْ وَلَمْ يَكُنْ لَهُ كُفُواً أَحَدٌ

تەرجىمىسى: ئى ئاللا! مەن ھەقىقەتەن سەن بىلەن سورايمەنكى، سەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئاللا بىردۇر، ئاللاغا ھەممە موھتاجدۇر، ئۇنىڭ ئەۋلادى بولغان ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس ۋە ھېچ كىشى ئۇنىڭغا تەڭداش ئەمەس.
(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئادەمنىڭ مۇشۇنداق دۇئا قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ: "سەن كىشى سورىسا ئاللا بېرىدىغان، دۇئا قىلسا ئىجابەت بولىدىغان ئىسمى ئەزەمنى ئوقۇپ سورىدۇڭ" دېگەن.)

تۆۋەندە ئالدى بىلەن «قۇرئان كەرىم»دىن ئېلىنغان ئومۇمىي دۇئالارنى، ئاندىن ھەدىس شەرىپتىن ئېلىنغان ئومۇمىي دۇئالارنى ۋە ئاندىن مەخسۇس ۋاقىت ۋە جايلاردا ئوقۇلىدىغان خاس دۇئالارنى بېرىمىز.

## بىرىنچى، «قۇرئان كەرىم»دىن ئېلىنغان ئومۇمىي دۇئالار

رَبِّ أَوْزِعْنِي أَنْ أَشْكُرَ نِعْمَتَكَ الَّتِي أَنْعَمْتَ عَلَيَّ وَعَلَى وَالِدَيَّ وَأَنْ
أَعْمَلَ صَالِحاً تَرْضَاهُ وَأَصْلِحْ لِي فِي ذُرِّيَّتِي إِنِّي تُبْتُ إِلَيْكَ وَإِنِّي مِنَ الْمُسْلِمِينَ

تەرجىمىسى: "پەرۋەردىگارىم! سېنىڭ ماڭا ۋە ئاتا-ئانامغا بەرگەن نېمىتىڭگە شۈكۈر قىلىشنى ۋە سەن رازى بولىدىغان ياخشى ئىشنى قىلىشىمنى ماڭا ئىلھام قىلغىن، مەن ئۈچۈن مېنىڭ ئەۋلادىمنى تۈزىگىن (يەنى مېنىڭ ئەۋلادىمنى ياخشى ئادەملەردىن قىلغىن)، مەن ھەقىقەتەن ساڭا (جىمى گۇناھلاردىن) تەۋبە قىلدىم، مەن ھەقىقەتەن مۇسۇلمانلاردىندۇرمەن" (27-سۈرە «نەمل»، 19-ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

رَبِّ أَعُوذُ بِكَ مِنْ هَمَزَاتِ الشَّيَاطِينِ وَأَعُوذُ بِكَ رَبِّ أَنْ يَحْضُرُونِ

تەرجىمىسى: "پەرۋەردىگارىم! ساڭا سېغىنىپ شەيتانلارنىڭ ۋەسۋەسىلىرىدىن پاناھ تىلەيمەن، پەرۋەردىگارىم! ساڭا سېغىنىپ شەيتانلارنىڭ ماڭا ھەمراھ بولۇشىدىن پاناھ تىلەيمەن" (23-سۈرە «مۆئمىنۇن»، 98-97-ئايەتلەر).

رَبِّ ٱغْفِرْ لِي وَلِوَٰلِدَيَّ وَلِمَن دَخَلَ بَيْتِيَ مُؤْمِنًا وَلِلْمُؤْمِنِينَ وَٱلْمُؤْمِنَٰتِ

تەرجىمىسى: "پەرۋەردىگارىم! ماڭا، ئاتا-ئانامغا، مېنىڭ ئۆيۈمگە مۆمىن بولۇپ كىرگەن كىشىگە ۋە مۆمىن ئەرلەرگە، مۆمىن ئاياللارغا مەغپىرەت قىلغىن" (71-سۈرە «نۇھ»، 28-ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

رَبِّ إِنِّي ظَلَمْتُ نَفْسِي فَٱغْفِرْ لِي

تەرجىمىسى: "پەرۋەردىگارىم! مەن ھەقىقەتەن ئۆزۈمگە زۇلۇم قىلدىم، ماڭا مەغپىرەت قىلغىن" (28-سۈرە «قەسەس»، 16-ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

رَبِّ ٱغْفِرْ وَٱرْحَمْ وَأَنتَ خَيْرُ ٱلرَّٰحِمِينَ

تەرجىمىسى: "پەرۋەردىگارىم! مەغپىرەت قىلغىن، رەھىم قىلغىن، سەن رەھىم قىلغۇچىلارنىڭ ياخشىسىسەن" (23-سۈرە «مۆئمىنۇن»، 118-ئايەت).

رَّبِّ زِدْنِي عِلْمًا

تەرجىمىسى: "ئى پەرۋەردىگارىم! ئىلمىمنى زىيادە قىلغىن!" (20-سۈرە «تاھا»، 114-ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

رب أَنتَ وليي في الدنيا والآخرة توفني مسلماً وألحقني بالصالحين

تەرجىمىسى: "پەرۋەردىگارىم! ... دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە مېنىڭ ئىگەمسەن، مېنى مۇسۇلمان پېتىمچە قەبزى روھ قىلغىن، مېنى ياخشى بەندىلەر قاتارىدا قىلغىن" (12-سۈرە «يۇسۇف»، 101-ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

رَبِّ لَا تَذَرْنِي فَرْدًا وَأَنتَ خَيْرُ ٱلْوَٰرِثِينَ

تەرجىمىسى: "ئى پەرۋەردىگارىم! مېنى (بالىسىز، ۋارىسسىز) يالغۇز قويمىساڭ، سەن ئەڭ ياخشى ۋارىستۇرسەن (يەنى ھەممە ئادەم ئۆلىدۇ، سەنلا باقىي قالىسەن)" (21-سۈرە «ئەنبىيا»، 89-ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

رَبِّ هَبْ لِي حُكْمًا وَأَلْحِقْنِي بِٱلصَّٰلِحِينَ * وَٱجْعَل لِّي لِسَانَ
صِدْقٍ فِي ٱلْآخِرِينَ * وَٱجْعَلْنِي مِن وَرَثَةِ جَنَّةِ ٱلنَّعِيمِ وَلَا تُخْزِنِي يَوْمَ يُبْعَثُونَ

تەرجىمىسى: "پەرۋەردىگارىم! ماڭا ئىلىم-ھېكمەت ئاتا قىلغىن، مېنى ياخشىلارغا قوشقىن. كېيىنكىلەر ئارىسىدا ياخشى نامىمنى قالدۇرغىن. مېنى نازۇنېمەتلىك جەننەتنىڭ ۋارىسلىرىدىن قىلغىن. ئۇلار (يەنى خالايىقلار) (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) تىرىلدۈرۈلىدىغان كۈندە مېنى رەسۋا قىلمىغىن" (26-سۈرە «شۇئەرا»، 83-، 84-، 85-، 87-ئايەتلەر).

رَبِّ ٱجْعَلْ هَٰذَا ٱلْبَلَدَ ءَامِنًا وَٱجْنُبْنِي وَبَنِيَّ أَن نَّعْبُدَ ٱلْأَصْنَامَ

تەرجىمىسى: "پەرۋەردىگارىم! بۇ جاينى (يەنى مەككىنى) تىنچ (جاي) قىلىپ بەرگىن، مېنى ۋە مېنىڭ ئەۋلادلىرىمنى بۇتلارغا چوقۇنۇشتىن يىراق قىلغىن" (14-سۈرە «ئىبراھىم»،

35-ئايەت).

رَبِّ أَنْزِلْنِي مُنْزَلاً مُبَارَكاً وَأَنْتَ خَيْرُ الْمُنْزِلِينَ

تەرجىمىسى: "ئى پەرۋەردىگارىم! مېنى مۇبارەك مەنزىلگە چۈشۈرگىن، سەن (دوستلىرىڭنى) ئەڭ ياخشى ئورۇنلاشتۇرغۇچىسەن" (23-سۈرە «مۆئمىنۇن»، 29-ئايەت).

رَبِّ إِنِّيٓ أَعُوذُ بِكَ أَنْ أَسْـَٔلَكَ مَا لَيْسَ لِي بِهِۦ عِلْمٌ وَإِلَّا تَغْفِرْ لِي وَتَرْحَمْنِيٓ أَكُن مِّنَ ٱلْخَٰسِرِينَ

تەرجىمىسى: "پەرۋەردىگارىم! مەن بىلمىگەن نەرسىنى سوراشتىن سېنىڭ پاناھىڭغا سېغىنىمەن، ئەگەر ماڭا مەغپىرەت قىلمىساڭ ۋە رەھىم قىلمىساڭ، زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىمەن" (11-سۈرە «ھۇد»، 47-ئايەت).

رَبِّ اجْعَلْنِي مُقِيمَ الصَّلاةِ وَمِنْ ذُرِّيَّتِي رَبَّنَا وَتَقَبَّلْ دُعَاءِ

تەرجىمىسى: "پەرۋەردىگارىم! مېنى ۋە بىر قىسىم ئەۋلادىمنى نامازنى ئادا قىلغۇچى قىلغىن، پەرۋەردىگارىمىز! دۇئايىمنى قوبۇل قىلغىن" (14-سۈرە «ئىبراھىم»، 40-ئايەت).

رَبِّ أَوْزِعْنِي أَنْ أَشْكُرَ نِعْمَتَكَ الَّتِي أَنْعَمْتَ عَلَيَّ وَعَلَى وَالِدَيَّ
وَأَنْ أَعْمَلَ صَالِحاً تَرْضَاهُ وَأَدْخِلْنِي بِرَحْمَتِكَ فِي عِبَادِكَ الصَّالِحِينَ

تەرجىمىسى: "پەرۋەردىگارىم! سەن مېنى ماڭا ۋە ئاتا-ئانامغا بەرگەن نېمىتىڭگە شۈكۈر قىلىشقا، سەن رازى بولىدىغان ياخشى ئەمەلنى قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلغىن، رەھمىتىڭ بىلەن مېنى ياخشى بەندىلىرىڭ قاتارىغا كىرگۈزگىن" (27-سۈرە «نەمل»، 19-ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

رَبِّ هَبْ لِي مِن لَّدُنكَ ذُرِّيَّةً طَيِّبَةً إِنَّكَ سَمِيعُ الدُّعَاءِ

تەرجىمىسى: "ئى پەرۋەردىگارىم! ماڭا ئۆز دەرگاھىڭدىن بىر ياخشى پەرزەنت ئاتا قىلغىن، ھەقىقەتەن دۇئانى ئىشىتكۈچىسەن" (3-سۈرە «ئال ئىمران»، 38-ئايەت).

رَبِّ اغْفِرْ لِي وَلِأَخِي وَأَدْخِلْنَا فِي رَحْمَتِكَ وَأَنتَ أَرْحَمُ الرَّاحِمِينَ

تەرجىمىسى: "پەرۋەردىگارىم! ماڭا ۋە مېنىڭ قېرىندىشىمغا مەغپىرەت قىلغىن، بىزنى رەھمىتىڭ دائىرىسىگە كىرگۈزگىن، سەن ئەڭ رەھىم قىلغۇچى زاتتۇرسەن" (7-سۈرە «ئەئراف»، 151-ئايەت).

رَبَّنَا ٱغْفِرْ لِي وَلِوَٰلِدَيَّ وَلِلْمُؤْمِنِينَ يَوْمَ يَقُومُ ٱلْحِسَابُ

تەرجىمىسى: "پەرۋەردىگارىمىز! ھېساب ئالىدىغان كۈندە (يەنى قىيامەت كۈنىدە) ماڭا، ئاتا-ئانامغا ۋە مۆمىنلەرگە مەغپىرەت قىلغىن" (14-سۈرە «ئىبراھىم»، 41-ئايەت).

فَٱغْفِرْ لَنَا ذُنُوبَنَا وَقِنَا عَذَابَ ٱلنَّارِ

تەرجىمىسى: "پەرۋەردىگارىمىز! بىز شۈبھىسىز ئىمان ئېيتتۇق، بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن" (3-سۈرە «ئال

ئىمران» ، 16–ئايەت) .

رَبَّنَا اَصْرِفْ عَنَّا عَذَابَ جَهَنَّمَ إِنَّ عَذَابَهَا كَانَ غَرَامًا * إِنَّهَا سَاءَتْ مُسْتَقَرًّا وَمُقَامًا

تەرجىمىسى: "پەرۋەردىگارىمىز! بىزدىن جەھەننەم ئازابىنى دەپئى قىلغىن، جەھەننەمنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن (سېنىڭ دۈشمەنلىرىڭدىن) ئايرىلمايدۇ. جەھەننەم ھەقىقەتەن يامان قارارگاھتۇر، يامان جايدۇر" (25–سۈرە «فۇرقان» ، 66—65–ئايەتلەر) .

رَبَّنَا ءَامَنَّا بِمَآ أَنزَلْتَ وَاتَّبَعْنَا الرَّسُولَ فَاكْتُبْنَا مَعَ الشَّٰهِدِينَ

تەرجىمىسى: "پەرۋەردىگارىمىز! سەن نازىل قىلغان كىتابقا ئىشەندۇق، پەيغەمبەرگە ئەگەشتۇق، بىزنى (ھىدايىتىڭگە) شاھىت بولغانلار قاتارىدا قىلغىن" (3–سۈرە «ئال ئىمران» ، 53–ئايەت) .

رَبَّنَآ ءَاتِنَا فِي الدُّنْيَا حَسَنَةً وَفِي الْآخِرَةِ حَسَنَةً وَقِنَا عَذَابَ النَّارِ

تەرجىمىسى: پەرۋەردىگارىم! بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن" (2–سۈرە «بەقەرە» ، 201–ئايەت) .

رَبَّنَا تَقَبَّلْ مِنَّآ إِنَّكَ أَنتَ السَّمِيعُ الْعَلِيمُ

تەرجىمىسى: "پەرۋەردىگارىمىز! بىزنىڭ (خىزمىتىمىزنى) قوبۇل قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن (دۇئايىمىزنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىسەن، (نىيىتىمىزنى) بىلىپ تۇرغۇچىسەن" (2–سۈ. «بەقەرە» ، 127–ئايەت) .

رَبَّنَا ظَلَمْنَآ أَنفُسَنَا وَإِن لَّمْ تَغْفِرْ لَنَا وَتَرْحَمْنَا لَنَكُونَنَّ مِنَ الْخَٰسِرِينَ

تەرجىمىسى: "پەرۋەردىگارىمىز! بىز ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز زۇلۇم قىلدۇق، ئەگەر سەن بىزگە مەغپىرەت قىلمىساڭ، بىزگە رەھىم قىلمىساڭ، بىز چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىمىز" (7–سۈرە «ئەئراف» ، 23–ئايەت) .

رَبَّنَآ ءَاتِنَا مِن لَّدُنكَ رَحْمَةً وَهَيِّئْ لَنَا مِنْ أَمْرِنَا رَشَدًا

تەرجىمىسى: "پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە رەھمەت خەزىنىلىرىڭدىن ئاتا قىلغىن، بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنى تۈزەپ، بىزنى ھىدايەت تاپقۇچىلاردىن قىلغىن"(18–سۈرە«كەھف» ، 10–ئايەت) .

رَبَّنَا لَا تُؤَاخِذْنَا إِنْ نَسِينَا أَوْ أَخْطَأْنَا ، رَبَّنَا وَلَا تَحْمِلْ عَلَيْنَا إِصْرًا كَمَا حَمَلْتَهُ عَلَى الَّذِينَ مِنْ قَبْلِنَا

تەرجىمىسى: " ... پەرۋەردىگارىمىز! ئەگەر بىز ئۇنتۇساق ياكى خاتالاشساق (يەنى بىز ئۇنتۇش ياكى سەۋەنلىك سەۋەبىدىن ئەمرىڭنى تولۇق ئورۇنلىيالمىساق) ، بىزنى جازاغا تارتمىغىن. پەرۋەردىگارىمىز! بىزدىن ئىلگىرىكىلەرگە يۈكلىگىنىڭگە ئوخشاش بىزگە ئېغىر يۈك يۈكلىمىگىن (يەنى بىزنى قىيىن ئىشلارغا تەكلىپ قىلمىغىن) ..." (2–سۈرە «بەقەرە» ، 286–ئايەتنىڭ بىر قىسمى) .

رَبَّنَا وَآتِنَا مَا وَعَدْتَنَا عَلَى رُسُلِكَ وَلَا تُخْزِنَا يَوْمَ الْقِيَامَةِ إِنَّكَ لَا تُخْلِفُ الْمِيعَادَ

تەرجىمىسى: "پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە پەيغەمبەرلىرىڭ ئارقىلىق ۋەدە قىلغان نەرسىنى (يەنى ئىتائەت [illegible]انلارغا خاس بولغان جەننەتنى) بەرگىن، قىيامەت كۈنى بىزنى رەسۋا قىلمىغىن، سەن ھەقىقەتەن ۋەدەڭگە خىلاپلىق قىلمايسەن" (3-سۈرە «ئال ئىمران»، 194-ئايەت).

رَبَّنَا لَا تُزِغْ قُلُوبَنَا بَعْدَ إِذْ هَدَيْتَنَا وَهَبْ لَنَا مِنْ لَدُنْكَ رَحْمَةً إِنَّكَ أَنْتَ الْوَهَّابُ

تەرجىمىسى: "پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى ھىدايەت قىلغىنىڭدىن كېيىن دىللىرىمىزنى توغرا يولدىن بۇرىۋەتمىگىن، بىزگە دەرگاھىڭدىن رەھمەت بېغىشلىغىن. شۈبھىسىزكى، سەن (بەندىلىرىڭگە ئاتالارنى) بەكمۇ بېغىشلىغۇچىسەن" (3-سۈرە «ئال ئىمران»، 8-ئايەت).

رَبَّنَا هَبْ لَنَا مِنْ أَزْوَاجِنَا وَذُرِّيَّاتِنَا قُرَّةَ أَعْيُنٍ وَاجْعَلْنَا لِلْمُتَّقِينَ إِمَامًا

تەرجىمىسى: "ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە ئاياللىرىمىز ۋە ئەۋلادلىرىمىز ئارقىلىق شادلىق بېغىشلىشىڭنى (يەنى بىزگە ساڭا ئىتائەتمەن پەرزەنت ئاتا قىلىشىڭنى) تىلەيمىز، بىزنى تەقۋادارلارنىڭ پېشىۋاسى (يەنى تەقۋادارلارنىڭ نەمۇنىسى، ياخشىلىققا دەۋەت قىلغۇچى) قىلغىن" (25-سۈرە «فۇرقان»، 74-ئايەت).

رَبَّنَا اغْفِرْ لَنَا وَلِإِخْوَانِنَا الَّذِينَ سَبَقُونَا بِالْإِيمَانِ وَلَا
تَجْعَلْ فِي قُلُوبِنَا غِلًّا لِلَّذِينَ آمَنُوا رَبَّنَا إِنَّكَ رَءُوفٌ رَحِيمٌ

تەرجىمىسى: "پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە ۋە بىزدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان قېرىنداشلىرىمىزغا مەغپىرەت قىلغىن، دىللىرىمىزدا مۆمىنلەرگە قارشى دۈشمەنلىك پەيدا قىلمىغىن، پەرۋەردىگارىمىز! سەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىسەن، مېھرىبانسەن" (59-سۈرە «ھەشر»، 10-ئايەت).

رَبَّنَا عَلَيْكَ تَوَكَّلْنَا وَإِلَيْكَ أَنَبْنَا وَإِلَيْكَ الْمَصِيرُ

تەرجىمىسى: "پەرۋەردىگارىمىز! ساڭا تەۋەككۈل قىلدۇق، ساڭا قايتتۇق، ئاخىر قايتىدىغان جاي سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر" (60-سۈرە «مۇمتەھىنە»، 4-ئايەت).

رَبَّنَا أَتْمِمْ لَنَا نُورَنَا وَاغْفِرْ لَنَا إِنَّكَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ

تەرجىمىسى: "ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە نۇرىمىزنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ بەرگىن، بىزگە مەغپىرەت قىلغىن، سەن بولساڭ ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىرسەن" (66-سۈرە «تەھرىم»، 8-ئايەت).

رَبَّنَا مَا خَلَقْتَ هَٰذَا بَاطِلًا سُبْحَانَكَ فَقِنَا عَذَابَ النَّارِ * رَبَّنَا إِنَّكَ مَنْ تُدْخِلِ النَّارَ
فَقَدْ أَخْزَيْتَهُ وَمَا لِلظَّالِمِينَ مِنْ أَنْصَارٍ * رَبَّنَا إِنَّنَا سَمِعْنَا مُنَادِيًا يُنَادِي لِلْإِيمَانِ أَنْ
آمِنُوا بِرَبِّكُمْ فَآمَنَّا رَبَّنَا فَاغْفِرْ لَنَا ذُنُوبَنَا وَكَفِّرْ عَنَّا سَيِّئَاتِنَا وَتَوَفَّنَا مَعَ الْأَبْرَارِ
* رَبَّنَا وَآتِنَا مَا وَعَدْتَنَا عَلَى رُسُلِكَ وَلَا تُخْزِنَا يَوْمَ الْقِيَامَةِ إِنَّكَ لَا تُخْلِفُ الْمِيعَادَ

تەرجىمىسى: ”پەرۋەردىگارىمىز! بۇنى بىكار ياراتمىدىڭ. سەن پاكتۇرسەن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن. پەرۋەردىگارىمىز! سەن كىمنىكى دوزاخقا كىرگۈزىدىكەنسەن، ئۇنى ئەلۋەتتە خار قىلغان بولىسەن. زالىملارغا ھېچقانداق ياردەمچى بولمايدۇ. پەرۋەردىگارىمىز! بىز ھەقىقەتەن بىر چاقىرغۇچىنىڭ (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ) ’رەببىڭلارغا ئىمان ئېيتىڭلار‘ دەپ ئىمانغا چاقىرغانلىقىنى ئاڭلىدۇق، ئىمان ئېيتتۇق، پەرۋەردىگارىمىز! بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، يامانلىقلىرىمىزنى يوققا چىقارغىن، بىزنى ياخشىلارنىڭ قاتارىدا قەبزى روھ قىلغىن. پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە پەيغەمبەرلىرىڭ ئارقىلىق ۋەدە قىلغان نەرسىنى (يەنى ئىتائەت قىلغانلارغا خاس بولغان جەننەتنى) بەرگىن، قىيامەت كۈنى بىزنى رەسۋا قىلمىغىن. سەن ھەقىقەتەن ۋەدەڭگە خىلاپلىق قىلمايسەن“ (3-سۈرە «ئال ئىمران»، 191-، 192-، 193-، 194-ئايەتلەر).

رَبَّنَآ ءَامَنَّا فَٱكْتُبْنَا مَعَ ٱلشَّٰهِدِينَ

تەرجىمىسى: ”رەببىمىز، بىز ئىمان ئېيتتۇق، بىزنى (پەيغەمبىرىڭنى، كىتابىڭنى) ئېتىراپ قىلغۇچىلار قاتارىدا قىلغىن“ (5-سۈرە «مائىدە»، 83-ئايەت).

رَبَّنَا آمَنَّا فَاغْفِرْ لَنَا وَارْحَمْنَا وَأَنْتَ خَيْرُ الرَّاحِمِينَ

تەرجىمىسى: ”پەرۋەردىگارىمىز! بىز ئىمان ئېيتتۇق، بىزگە مەغپىرەت قىلغىن، بىزگە رەھمەت قىلغىن، سەن بولساڭ ئەڭ رەھىم قىلغۇچىسەن“ (23-سۈرە «مۆئمىنۇن»، 109-ئايەت).

رَبَّنَآ إِنَّكَ تَعْلَمُ مَا نُخْفِى وَمَا نُعْلِنُ ۗ وَمَا يَخْفَىٰ عَلَى ٱللَّهِ مِن شَىْءٍ فِى ٱلْأَرْضِ وَلَا فِى ٱلسَّمَآءِ

تەرجىمىسى: ”پەرۋەردىگارىمىز! سەن بىزنىڭ يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا قىلغانلىرىمىزنى بىلىپ تۇرىسەن، ئاسمان-زېمىندىكى ھېچقانداق نەرسە ئاللاغا مەخپىي ئەمەس“ (14-سۈرە «ئىبراھىم»، 38-ئايەت).

رَبَّنَا ٱفْتَحْ بَيْنَنَا وَبَيْنَ قَوْمِنَا بِٱلْحَقِّ وَأَنتَ خَيْرُ ٱلْفَٰتِحِينَ

تەرجىمىسى: ”پەرۋەردىگارىمىز! بىز بىلەن قەۋمىمىزنىڭ ئارىسىدا ھەق ھۆكۈم چىقارغىن، سەن ھۆكۈم چىقارغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇرسەن“ (7-سۈرە «ئەئراف»، 89-ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

رَبَّنَآ أَفْرِغْ عَلَيْنَا صَبْرًا وَتَوَفَّنَا مُسْلِمِينَ

تەرجىمىسى: ”پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە سەۋر ئاتا قىلغىن، بىزنى مۇسۇلمان پېتىمىزچە قەبزى روھ قىلغىن“ (7-سۈرە «ئەئراف»، 126-ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

رَّبَّنَا ٱكْشِفْ عَنَّا ٱلْعَذَابَ إِنَّا مُؤْمِنُونَ

تەرجىمىسى: ”پەرۋەردىگارىمىز! بىزدىن ئازابنى كۆتۈرىۋەتكىن، بىز ھەقىقەتەن ئىمان كەلتۈرگۈچىدۇرمىز“ (44-سۈرە «دۇخان»، 12-ئايەت).

رَبَّنَا وَسِعْتَ كُلَّ شَىْءٍ رَّحْمَةً وَعِلْمًا فَٱغْفِرْ لِلَّذِينَ تَابُوا۟ وَٱتَّبَعُوا۟ سَبِيلَكَ وَقِهِمْ عَذَابَ ٱلْجَحِيمِ

تەرجىمىسى: ”پەرۋەردىگارىمىز! سېنىڭ رەھمىتىڭ ۋە ئىلمىڭ ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، تەۋبە قىلغانلارغا ۋە سېنىڭ يولۇڭغا ئەگەشكەنلەرگە مەغپىرەت قىلغىن، ئۇلارنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن“ (40-سۈرە «غافىر»، 7-ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

رَبَّنَا وَأَدْخِلْهُمْ جَنَّٰتِ عَدْنٍ ٱلَّتِى وَعَدتَّهُمْ وَمَن صَلَحَ مِنْ ءَابَآئِهِمْ وَأَزْوَٰجِهِمْ وَذُرِّيَّٰتِهِمْ إِنَّكَ أَنتَ ٱلْعَزِيزُ

تەرجىمىسى: ”پەرۋەردىگارىمىز! سەن ئۇلارنى، ئۇلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىدىن، ئاياللىرىدىن، ئەۋلادلىرىدىن ياخشى بولغانلارنى ئۇلارغا ۋەدە قىلغان مەڭگۈلۈك جەننەتكە كىرگۈزگىن، سەن ھەقىقەتەن غالىبسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن“ (40-سۈرە «غافىر»، 8-ئايەت).

## ئىككىنچى، ھەدىس شەرىپتىن ئېلىنغان ئومۇمىي دۇئالار

لَا إِلَٰهَ إِلَّا ٱللَّهُ وَحْدَهُ لَا شَرِيكَ لَهُ ٱلْمُلْكُ وَلَهُ ٱلْحَمْدُ وَهُوَ عَلَىٰ كُلِّ شَىْءٍ
قَدِيرٌ ٱللَّهُمَّ لَا مَانِعَ لِمَا أَعْطَيْتَ وَلَا مُعْطِيَ لِمَا مَنَعْتَ وَلَا يَنْفَعُ ذَا ٱلْجَدِّ مِنْكَ ٱلْجَدُّ

تەرجىمىسى: يالغۇز بىر ئاللادىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوق، ئاللانىڭ شېرىكى يوق، بارلىق سەلتەنەت ئاللاغا مەنسۇپ، جىمى مەدھىيە ئاللاغا مەنسۇپ، ئاللانىڭ ھەممە نەرسىگە قۇدرىتى يېتىدۇ. ئى ئاللا، سەن بەرگەن نەرسىگە ھېچكىم توسقۇنلۇق قىلالمايدۇ، سەن بەرمىگەن نەرسىنى ھېچكىم بېرەلمەيدۇ، سېنىڭ ئالدىڭدا بايلارنىڭ بايلىقى ئەسقاتمايدۇ.

(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ دۇئانى ھەر پەرز نامازنىڭ ئارقىسىدا ئوقۇيتتى.)

ٱللَّهُمَّ إِنِّى ظَلَمْتُ نَفْسِى ظُلْمًا كَثِيرًا وَلَا يَغْفِرُ ٱلذُّنُوبَ إِلَّا أَنْتَ
فَٱغْفِرْ لِى مَغْفِرَةً مِنْ عِنْدِكَ وَٱرْحَمْنِى إِنَّكَ أَنْتَ ٱلْغَفُورُ ٱلرَّحِيمُ

تەرجىمىسى: ”ئى ئاللا! مەن ئۆزۈمگە كۆپ زۇلۇم قىلدىم، گۇناھلارنى سەنلا مەغپىرەت قىلىسەن، مەرھەمەت قىلىپ ماڭا كەڭ مەغپىرەت ۋە رەھىم قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچى ۋە كۆيۈنگۈچىدۇرسەن.“

(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، بۇ دۇئانى نامازدا ئوقۇڭلار، دەيتتى.)

ٱللَّهُمَّ إِنِّى أَسْأَلُكَ ٱلْمُعَافَاةَ فِى ٱلدُّنْيَا وَٱلْآخِرَةِ

تەرجىمىسى: ئى ئاللا! دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە سەندىن ئامانلىق تىلەيمەن.

ٱللَّهُمَّ ٱهْدِنِى وَسَدِّدْنِى، ٱللَّهُمَّ إِنِّى أَسْأَلُكَ ٱلْهُدَىٰ وَٱلسَّدَادَ

تەرجىمىسى: ئى ئاللا! مېنى ھىدايەت قىلغىن ۋە توغرا ئادەم قىلغىن. ئى ئاللا، سەندىن ھىدايەتنى ۋە توغرىلىقنى تىلەيمەن.

ٱللَّهُمَّ أَلْهِمْنِى رُشْدِى وَأَعِذْنِى مِنْ شَرِّ نَفْسِى

تەرجىمىسى: ئى ئاللا! ھەق يولدا چىڭ تۇرۇشۇمنى مېنىڭ كۆڭلۈمگە سالغىن، نەپسىمنىڭ يامانلىقىدىن مېنى ساقلىغىن.

اَللّٰهُمَّ أَعِنِّي عَلَى ذِكْرِكَ وَشُكْرِكَ وَحُسْنِ عِبَادَتِكَ

تەرجىمىسى: ئى ئاللا! سېنى زىكرى قىلىشىمغا، ساڭا شۈكۈر قىلىشىمغا ۋە ساڭا ئوبدان قۇلچىلىق قىلىشىمغا يار-يۆلەك بولغايسەن.

(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ دۇئانى ئۆزىنىڭ ياخشى كۆرىدىغان ساھابىسى ھەزرىتى مۇئازغا ھەر نامازنىڭ كەينىدە ئوقۇشنى تەۋسىيە قىلغان.)

اَللّٰهُمَّ اغْفِرْ لِي وَارْحَمْنِي وَاهْدِنِي وَعَافِنِي وَارْزُقْنِي

تەرجىمىسى: ئى ئاللا! مېنى مەغپىرەت قىلغىن، ماڭا رەھىم قىلغىن، مېنى ھىدايەت قىلغىن، مېنى سالامەت قىلغىن ۋە ماڭا رىزىق بەرگىن.

رَبِّ اغْفِرْ لِي خَطِيئَتِي وَجَهْلِي وَإِسْرَافِي فِي أَمْرِي كُلِّهِ وَمَا أَنْتَ أَعْلَمُ بِهِ مِنِّي اَللّٰهُمَّ اغْفِرْ لِي خَطَايَايَ وَعَمْدِي وَجَهْلِي وَهَزْلِي وَكُلُّ ذٰلِكَ عِنْدِي. اَللّٰهُمَّ اغْفِرْ لِي مَا قَدَّمْتُ وَمَا أَخَّرْتُ وَمَا أَسْرَرْتُ وَمَا أَعْلَنْتُ أَنْتَ الْمُقَدِّمُ وَأَنْتَ الْمُؤَخِّرُ وَأَنْتَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ

تەرجىمىسى: رەببىم، مېنىڭ گۇناھىمنى، نادانلىقىمنى ۋە ئىشىمدا ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكىمنى ۋە سەن مەندىنمۇ ياخشىراق بىلىدىغان گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن؛ ئى ئاللا! مېنىڭ قەستەن، بىلمەستىن، بىلىپ تۇرۇپ، چاقچاق يوسۇندا قىلىپ تاشلىغان گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى مەندە تېپىلىدۇ، ئى ئاللا! ئىلگىرى ۋە كېيىن قىلغان گۇناھلىرىمنى، يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا قىلغان گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن، خالىغان بەندەڭنى رەھمىتىڭگە بالدۇر ئېرىشتۈرىسەن، خالىغان بەندەڭنى رەھمىتىڭگە كېيىن ئېرىشتۈرىسەن، سەن ھەممىگە قادىرسەن.

(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەمىشە بۇ دۇئانى ئوقۇپ دۇئا قىلاتتى.)

اَللّٰهُمَّ اغْفِرْ لِي ذَنْبِي وَوَسِّعْ لِي فِي دَارِي وَبَارِكْ لِي فِي رِزْقِي

تەرجىمىسى: ئى ئاللا! گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلغىن، ھويلامنى كەڭ، رىزقىمنى بەرىكەتلىك قىلغىن.

اَللّٰهُمَّ مُصَرِّفَ الْقُلُوبِ صَرِّفْ قُلُوبَنَا عَلَى طَاعَتِكَ

تەرجىمىسى: ئى دىللارنى ئۆزگەرتىپ تۇرغۇچى ئاللا، دىللىرىمىزنى ساڭا تائەت قىلىشقا ئۆزگەرتكىن.

اَللّٰهُمَّ اجْعَلْ أَوْسَعَ رِزْقِكَ عَلَيَّ عِنْدَ كِبَرِ سِنِّي وَانْقِطَاعِ عُمْرِي

تەرجىمىسى: ئى ئاللا! ماڭا ئەڭ كەڭ رىزقىڭنى يېشىم چوڭىيىپ، ئۆمرۈم ئاخىرلىشىپ قالغان چاغدا بەرگىن.

اَللّٰهُمَّ عَافِنِي فِي بَدَنِي، اَللّٰهُمَّ عَافِنِي فِي سَمْعِي، اَللّٰهُمَّ عَافِنِي فِي بَصَرِي، اَللّٰهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنَ الْكُفْرِ وَالْفَقْرِ، اَللّٰهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنْ عَذَابِ الْقَبْرِ لَا إِلٰهَ إِلَّا أَنْتَ

تەرجىمىسى: ئى ئاللا! مېنىڭ بەدىنىمنى سالامەت قىلغىن، قۇلۇقۇمنى سالامەت قىلغىن، كۆزۈمنى سالامەت قىلغىن، ئى ئاللا ساڭا سېغىنىپ كۇپۇرىدىن، كەمبەغەللىكتىن پاناھ تىلەيمەن، ئى ئاللا! ساڭا سېغىنىپ قەبرە ئازابىدىن پاناھ تىلەيمەن، سەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر.

اَللّٰهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ إِيمَانًا لَا يَرْتَدُّ ، وَنَعِيمًا لَا يَنْفَدُ ، وَقُرَّةَ عَيْنٍ لَا تَنْقَطِعُ ، وَمُرَافَقَةَ نَبِيِّكَ سَيِّدِنَا مُحَمَّدٍ ﷺ فِي أَعْلَىٰ جِنَانِ الْخُلْدِ

تەرجىمىسى: ئى ئاللا! شۈبھىسىزكى، مەن سەندىن چېكىنمەس ئىمانىنى، تۈگىمەس نېمەتنى، ئۈزۈلمەس خۇشلۇقنى، مەڭگۈلۈك جەننەتلەرنىڭ ئالىي دەرىجىلىرىدە خوجىمىز پەيغەمبىرىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ھەمراھ بولۇشنى سورايمەن.

اَللّٰهُمَّ ارْزُقْنِي لَذَّةَ النَّظَرِ إِلَىٰ وَجْهِكَ الْكَرِيمِ وَالشَّوْقَ إِلَىٰ لِقَائِكَ

تەرجىمىسى: ئى ئاللا! ماڭا ئېسىل جامالىڭغا قاراش لەززىتىنى ۋە ساڭا مۇلاقات بولۇشنى، سېغىنىشنى نېسىپ قىلغىن.

اَللّٰهُمَّ اجْعَلْنِي شَكُورًا وَاجْعَلْنِي صَبُورًا وَاجْعَلْنِي فِي عَيْنِي صَغِيرًا وَفِي أَعْيُنِ النَّاسِ كَبِيرًا

تەرجىمىسى: ئى ئاللا! مېنى شۈكۈر قىلغۇچى قىلغىن، مېنى سەۋرە قىلغۇچى قىلغىن ۋە ئۆزۈمگە كىچىك، كىشىلەرگە چوڭ كۆرسەتكىن.

اَللّٰهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ نَفْسًا مُطْمَئِنَّةً تُؤْمِنُ بِلِقَائِكَ وَتَرْضَىٰ بِقَضَائِكَ وَتَقْنَعُ بِعَطَائِكَ

تەرجىمىسى: ئى ئاللا! شۈبھىسىزكى، مەن سەندىن ساڭا مۇلاقات بولۇشقا ئىشىنىدىغان، تەقدىرىڭگە رازى بولىدىغان ۋە ئاتايىڭغا قانائەت قىلىدىغان ئارام ئالغۇچى جاننى سورايمەن.

يَا مُقَلِّبَ الْقُلُوبِ ثَبِّتْ قَلْبِي عَلَىٰ دِينِكَ

تەرجىمىسى: ئى دىللارنى ئۆزگەرتكۈچى زات، قەلبىمنى سېنىڭ دىنىڭدا مۇستەھكەم قىلغىن.

اَللّٰهُمَّ إِنَّا نَسْأَلُكَ مُوجِبَاتِ رَحْمَتِكَ وَعَزَائِمَ مَغْفِرَتِكَ وَالسَّلَامَةَ مِنْ كُلِّ إِثْمٍ وَالْغَنِيمَةَ مِنْ كُلِّ بِرٍّ ، وَالْفَوْزَ بِالْجَنَّةِ وَالنَّجَاةَ مِنَ النَّارِ

تەرجىمىسى: ئى ئاللا! سەندىن سېنىڭ رەھمىتىڭگە ئېرىشتۈرىدىغان نەرسىلەرنى، مەغپىرىتىڭگە سەۋەب بولىدىغان نەرسىلەرنى سورايمەن، ھەربىر گۇناھتىن ساق بولۇشنى، ھەربىر ياخشىلىقنى قولغا كەلتۈرۈشنى، جەننەتنىڭ قولغا كېلىشىنى، دوزاختىن نىجات تېپىشنى سورايمەن.

اَللّٰهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنَ الشِّقَاقِ وَالنِّفَاقِ وَسُوءِ الْأَخْلَاقِ

تەرجىمىسى: ئى ئاللا! مەن سەندىن ئىتتىپاقسىزلىقتىن، مۇناپىقلىقتىن ۋە

ئەخلاقسىزلىقتىن پاناھ تىلەيمەن.

اَللّٰهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ الْهُدَى وَالتُّقَى وَالْعَفَافَ وَالْغِنَى

تەرجىمىسى: ئى ئاللا! سېنىڭ توغرا يولغا يېتەكلىشىڭنى، تەقۋادار قىلىشىڭنى، ھارامدىن پاك قىلىشىڭنى ۋە باي قىلىشىڭنى تىلەيمەن.

اَللّٰهُمَّ زِدْنَا وَلَا تَنْقُصْنَا وَأَكْرِمْنَا وَلَا تُهِنَّا وَأَعْطِنَا وَلَا تَحْرِمْنَا وَآثِرْنَا وَلَا تُؤْثِرْ عَلَيْنَا وَأَرْضِنَا وَارْضَ عَنَّا

تەرجىمىسى: ئى ئاللا! بىزگە بەرگىنىڭنى زىيادە قىلغىن، كېمەيتىۋەتمىگىن، بىزنى ئەزىز قىلغىن، خار قىلمىغىن، بىزگە ئاتا قىلغىن، بىزنى مەھرۇم قىلمىغىن، بىزنى ئۈستۈن قىلغىن، تۆۋەن قىلمىغىن، بىزنى مەمنۇن قىلغىن ۋە بىزدىن رازى بولغىن.

اَللّٰهُمَّ إِنَّكَ سَأَلْتَنَا مِنْ أَنْفُسِنَا مَالَا نَمْلِكُهُ إِلَّا بِكَ اَللّٰهُمَّ فَأَعْطِنَا مِنْهَا مَا يُرْضِيكَ عَنَّا

تەرجىمىسى: ئى ئاللا! سەن بىزدىن پەقەت ئۆزۈڭنىڭ ياردىمى بىلەنلا بىز قىلالايدىغان نەرسىلەرنى تىلىدىڭ. ئى ئاللا! بىزگە ئۇلارنىڭ ئىچىدىن سېنى بىزدىن رازى قىلىدىغان نەرسىلەرنى بەرگىن.

اَللّٰهُمَّ اقْسِمْ لَنَا مِنْ خَشْيَتِكَ مَا تَحُولُ بِهِ بَيْنَنَا وَبَيْنَ مَعَاصِيكَ، وَمِنْ طَاعَتِكَ مَا تُبَلِّغُنَا بِهِ جَنَّتَكَ، وَمِنَ الْيَقِينِ مَا تُهَوِّنُ بِهِ عَلَيْنَا مَصَائِبَ الدُّنْيَا، اَللّٰهُمَّ مَتِّعْنَا بِأَسْمَاعِنَا، وَأَبْصَارِنَا، وَقُوَّاتِنَا مَا أَحْيَيْتَنَا، وَاجْعَلْهُ الْوَارِثَ مِنَّا، وَاجْعَلْ ثَأْرَنَا عَلَى مَنْ ظَلَمَنَا، وَانْصُرْنَا عَلَى مَنْ عَادَانَا، وَلَا تَجْعَلْ مُصِيبَتَنَا فِي دِينِنَا، وَلَا تَجْعَلِ الدُّنْيَا أَكْبَرَ هَمِّنَا، وَلَا مَبْلَغَ عِلْمِنَا، وَلَا تُسَلِّطْ عَلَيْنَا مَنْ لَا يَرْحَمُنَا

تەرجىمىسى: ئى ئاللا! بىزگە بىزنى سېنىڭ ئالدىڭدا گۇناھكار بولۇشتىن توسىدىغان قورقۇنچ ئاتا قىلغىن، بىزنى جەننىتىڭگە ئېرىشتۈرىدىغان تائەت-ئىبادىتىڭگە مۇيەسسەر قىلغىن، بىزگە دۇنيانىڭ بالايى-ئاپەتلىرىنى مەنسىتمەيدىغان ئىشەنچ ئاتا قىلغىن، مادامىكى جېنىمىزنى ئېسەن قىلىدىكەنسەن، بىزنى قۇلاقلىرىمىزدىن، كۆزلىرىمىزدىن ۋە كۈچ-قۇۋۋىتىمىزدىن بەھرىمەن قىلغىن، ھاياتىمىز بويىچە بىزنى شۇلاردىن ئايرىمىغىن، بىزگە زۇلۇم قىلغانلاردىن ئۆچىمىزنى ئالىدىغان قىلغىن، دۈشمەنلىرىمىزگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن، بېشىمىزغا كېلىدىغان پېشكەللىكنى دىنىي جەھەتتىن كەلتۈرمىگىن، دۇنيانى ئەڭ چوڭ غېمىمىز ۋە بىلىمىمىزنىڭ چېكى قىلمىغىن، سەندىن قورقمايدىغان، بىزگە رەھىم قىلمايدىغان ئادەمنى گۇناھلىرىمىز تۈپەيلىدىن بىزگە مۇسەللەت قىلمىغىن.

اللّٰهمَّ اكفِني بحلالِكَ عن حرامِكَ وأغنِني بفضلِكَ عمَّن سواكَ

تەرجىمىسى: ئى ئاللا! ھالال نەرسەڭ ئارقىلىق مېنى ھارامدىن بىھاجەت قىلغىن، پەزلى-مەرھەمىتىڭ بىلەن مېنى ئۆزۈڭدىن غەيرىدىن بىھاجەت قىلغىن.

(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئىبلىغا: ”ساڭا بىرقانچە كەلىمە ئۆگىتىپ قويايكى، ئۇنى ئوقۇساڭ سەبىر تېغىدەك قەرزىڭ بولسىمۇ ئاللا سېنى ئۇنىڭدىن خالاس قىلىدۇ“ دەپ بۇ دۇئانى ئۆگىتىپ قويغان.)

أللهم عافني في جسدي وعافني في بصري واجعله الوارث مني لا إله إلا الله الحليم الكريم سبحان الله رب العرش العظيم الحمد لله رب العالمين

تەرجىمىسى: ئى ئاللا! مېنىڭ بەدىنىمنى سالامەت قىلغىن، كۆزۈمنى ساق قىلغىن، كۆزۈمنى مەن ئۆلگۈچە ساق قىلغىن؛ مۇلايىم، كەرەملىك بىر ئاللادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، بۈيۈك ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللانى نۇقسانلاردىن پاك ھېسابلايمەن، جىمى مەدھىيە پۈتۈن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاغا خاستۇر.

اللهم إني أسألك حبك وحب من يحبك والعمل الذي يبلغني حبك اللهم اجعل حبك أحب إلي من نفسي وأهلي ومن الماء البارد

تەرجىمىسى: ئى ئاللا! مەن سەندىن سېنىڭ مۇھەببىتىڭنى، ساڭا مۇھەببەت باغلىغانلارنىڭ مۇھەببىتىنى سورايمەن ۋە سېنىڭ مۇھەببىتىڭگە ئېرىشتۈرىدىغان ئەمەلنى سورايمەن؛ ئى ئاللا! سېنىڭ مۇھەببىتىڭنى ماڭا مېنىڭ ئۆزۈمدىنمۇ، خىش-ئەقرىبالىرىمدىنمۇ ۋە مۇزدەك سۇدىنمۇ سۆيۈملۈك قىلغىن.

أللهم انفعني بما علمتني وعلمني ما ينفعني وزدني علما الحمد لله على كل حال وأعوذ بالله من حال أهل النار

تەرجىمىسى: ئى ئاللا! ماڭا بىلدۈرگەن نەرسەڭدىن مېنى پايدىلاندۇرغىن، ماڭا پايدىلىق نەرسىلەرنى بىلدۈرگىن ۋە ئىلمىمنى زىيادە قىلغىن؛ قايسى ھالدا بولماي، ئاللاغا شۈكۈر قىلىمەن ۋە ئەھلى دوزاخنىڭ ھالىدىن ئاللا بىلەن پاناھ تىلەيمەن.

اللَّهُمَّ رَحْمَتَكَ أَرْجُو فَلَا تَكِلْنِي إِلَىٰ نَفْسِي طَرْفَةَ عَيْنٍ، وَأَصْلِحْ لِي شَأْنِي كُلَّهُ، لَا إِلَـٰهَ إِلَّا أَنْتَ

تەرجىمىسى: ئى ئاللا! سېنىڭ رەھمىتىڭنى ئۈمىد قىلىمەن، بىردەممۇ مېنى نەپسىمنىڭ مەيلىگە قويۇۋەتمىگىن، مېنىڭ ئىشىمنىڭ ھەممىسىنى تۈزەتكىن، سەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر.

اللَّهُمَّ أَحْسِنْ عَاقِبَتَنَا فِي الْأُمُورِ كُلِّهَا، وَأَجِرْنَا مِنْ خِزْيِ الدُّنْيَا وَعَذَابِ الْآخِرَةِ

تەرجىمىسى: ئى ئاللا! پۈتكۈل ئىشلىرىمىزدا ئاقىۋىتىمىزنى ياخشى قىلغىن. بىزنى دۇنيانىڭ ئۇياتچىلىقلىرىدىن ۋە ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزغىن.

اللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ فِعْلَ الْخَيْرَاتِ، وَتَرْكَ الْمُنْكَرَاتِ، وَحُبَّ الْمَسَاكِينِ، وَأَنْ تَغْفِرَ لِي، وَتَرْحَمَنِي، وَإِذَا أَرَدْتَ فِتْنَةَ قَوْمٍ فَتَوَفَّنِي غَيْرَ مَفْتُونٍ، وَأَسْأَلُكَ حُبَّكَ، وَحُبَّ مَنْ يُحِبُّكَ، وَحُبَّ عَمَلٍ يُقَرِّبُنِي إِلَىٰ حُبِّكَ

تەرجىمىسى: ئى ئاللا! مەن سەندىن راستىنىلا ياخشى ئىشلارنى قىلىشنى، يامان ئىشلارنى تەرك ئېتىشنى، نامراتلارنى ياخشى كۆرۈشنى، ماڭا مەغپىرەت قىلىشىڭنى، رەھىم قىلىشىڭنى سورايمەن. بىرەر قەۋمنى پىتنىگە تاشلىماقچى بولساڭ، مېنى پىتنىگە دۇچار بولۇشتىن بۇرۇن قەبزە روھ قىلغىن. سەندىن سېنىڭ مۇھەببىتىڭنى، سېنى ياخشى كۆرىدىغانلارنىڭ مۇھەببىتىنى، سېنىڭ مۇھەببىتىڭگە مېنى يېقىنلاشتۇرىدىغان ئىشنى ياخشى كۆرۈشنى سورايمەن.

اللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ مِنْ فَضْلِكَ وَرَحْمَتِكَ، فَإِنَّهُ لَا يَمْلِكُهَا إِلَّا أَنْتَ

تەرجىمىسى: ئى ئاللا! شۈبھىسىزكى، مەن سېنىڭ پەزلىڭنى ۋە رەھمىتىڭنى سورايمەن، ئۇ پەقەت سېنىڭ قولۇڭدىدۇر.

اللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنْ قَلْبٍ لَا يَخْشَعُ، وَمِنْ دُعَاءٍ لَا يُسْمَعُ، وَمِنْ نَفْسٍ لَا تَشْبَعُ، وَمِنْ عِلْمٍ لَا يَنْفَعُ. أَعُوذُ بِكَ مِنْ هَٰؤُلَاءِ الْأَرْبَعِ

تەرجىمىسى: ئى ئاللا! ساڭا سېغىنىپ تەزەررۇئ قىلماس دىلدىن، قوبۇل بولماس دۇئادىن، تويماس نەپسىدىن، پايدىسىز ئىلىمدىن پاناھ تىلەيمەن. مۇشۇ تۆتىدىن پاناھ تىلەيمەن.

اللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ الْجَنَّةَ وَأَسْتَجِيرُ بِكَ مِنَ النَّارِ

تەرجىمىسى: ئى ئاللا! مەن ھەقىقەتەن سەندىن جەننەتنى سورايمەن، ساڭا سېغىنىپ دوزاختىن پاناھ تىلەيمەن.

اللَّهُمَّ فَقِّهْنِي فِي الدِّينِ

تەرجىمىسى: ئى ئاللا! مېنى دىنىي ئىلىملەرگە ئۇستا قىلغىن.
(سەھىھۇلبۇخارى، سەھىھى مۇسلىم كىتابلىرىنىڭ كۆرسىتىشىچە، بۇ مەزمۇن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا قىلغان دۇئاسىنىڭ مەزمۇنىدىن ئېلىنغان.)

اللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ أَنْ أُشْرِكَ بِكَ وَأَنَا أَعْلَمُ، وَأَسْتَغْفِرُكَ لِمَا لَا أَعْلَمُ

تەرجىمىسى: ئى ئاللا! مەن ھەقىقەتەن ساڭا سېغىنىپ، بىلىپ تۇرۇپ ساڭا شېرىك كەلتۈرۈشتىن پاناھ تىلەيمەن. بىلمەستىن قىلىپ سالغانلىرىمدىن سەندىن كەچۈرۈم سورايمەن.

اللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ عِلْماً نَافِعاً، وَرِزْقاً طَيِّباً، وَعَمَلاً مُتَقَبَّلاً

تەرجىمىسى: ئى ئاللا! سەندىن پايدىلىق ئىلىمنى، پاك رىزقنى، قوبۇل بولىدىغان ئەمەلنى سورايمەن.

رَبِّ اغْفِرْ لِي، وَتُبْ عَلَيَّ، إِنَّكَ أَنْتَ التَّوَّابُ الْغَفُورُ

تەرجىمىسى: پەرۋەردىگارىم! مېنى مەغپىرەت قىلغىن، تەۋبەمنى قوبۇل قىلغىن. شۈبھىسىزكى، سەن تەۋبىنى تولىمۇ قوبۇل قىلغۇچىسەن، ناھايىتى مەغپىرەتلىك زاتسەن.

للَّهُمَّ رَبَّ جِبْرَائِيلَ، وَمِيكَائِيلَ وَرَبَّ إِسْرَافِيلَ، أَعُوذُ بِكَ مِنْ حَرِّ النَّارِ وَمِنْ عَذَابِ الْقَبْرِ

تەرجىمىسى: ئى ئاللا! جىبرىئىلنىڭ، مىكائىلنىڭ پەرۋەردىگارى، ئىسرافىلنىڭ پەرۋەردىگارى، ساڭا سېغىنىپ دوزاخنىڭ قىزىقىدىن ۋە قەبرىنىڭ ئازابىدىن پاناھ تىلەيمەن.

اللَّهُمَّ أَلْهِمْنِي رُشْدِي، وَأَعِذْنِي مِنْ شَرِّ نَفْسِي

تەرجىمىسى: ئى ئاللا! ھىدايەت تېپىشىمنى كۆڭلۈمگە سالغىن، مېنى نەپسىمنىڭ يامانلىقىدىن ساقلىغىن.

اللَّهُمَّ حَاسِبْنِي حِسَاباً يَسِيراً

تەرجىمىسى: ئى ئاللا! مېنىڭ ھېسابىمنى ئاسان قىلغىن.

اللَّهُمَّ آتِنِي الْحِكْمَةَ الَّتِي مَنْ أُوتِيَهَا فَقَدْ أُوتِيَ خَيْراً كَثِيراً

تەرجىمىسى: ئى ئاللا! ماڭا ھېكمەت ئاتا قىلغىنكى، كىمكى ئۇنىڭغا ھېكمەت ئاتا قىلىنغانىكەن، ئۇنىڭغا كۆپ ياخشىلىق ئاتا قىلىنغان بولىدۇ.

اللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنْ فِتْنَةِ النَّارِ وَعَذَابِ النَّارِ وَمِنْ شَرِّ الْغِنَى وَالْفَقْرِ

تەرجىمىسى: ئى ئاللا! سەن بىلەن دوزاخنىڭ پىتنىسىدىن، دوزاخنىڭ ئازابىدىن باي ۋە كەمبەغەللىكنىڭ يامانلىقلىرىدىن پاناھ تىلەيمەن.

اَللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُبِكَ مِنَ الْمَأْثَمِ وَالْمَغْرَمِ

تەرجىمىسى: ئى ئاللا! ساڭا سېغىنىپ گۇناھ ئىشلاردىن ۋە قەرزدار بولۇپ قېلىشتىن پاناھ تىلەيمەن.

(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ دۇئانى نامازدىن كېيىن ئوقۇيتتى.)

اللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنْ مُنْكَرَاتِ الأَخْلَاقِ وَالأَعْمَالِ وَالأَهْوَاءِ

تەرجىمىسى: ئى ئاللا، ساڭا سېغىنىپ يامان ئەخلاقلاردىن، يامان ئەمەللەردىن ۋە ھاۋايى-ھەۋەسلەردىن سەن بىلەن پاناھ تىلەيمەن.

اللهمَّ إني أعوذُ بك من الهمِّ والحزَنِ وأعوذُ بكَ من العجزِ والكسلِ
وأعوذُ بك من الجبْنِ والبُخلِ وأعوذُ بكَ من غلبةِ الدَّينِ وقهرِ الرِّجالِ

تەرجىمىسى: ئى ئاللا! ساڭا سىغىنىپ غەم-قايغۇدىن، ئاجىزلىقتىن، ھۇرۇنلۇقتىن، قورقۇنچتىن، بېخىللىقتىن، قەرزنىڭ بېسىۋېلىشىدىن ۋە كىشىلەرنىڭ خورلىشىدىن پاناھ تىلەيمەن.

(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى مەسچىتكە كىرىپ ئەبۇ ئۇمامە ئاتلىق بىرسىنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ: "ئى ئەبۇ ئۇمامە، ناماز ۋاقتى بولمىسىمۇ مەسچىتتە ئولتۇرۇپ قاپسەنغۇ؟" دەپ سورىغاندا، ئەبۇ ئۇمامە: "ئى رەسۇلۇللا، مېنى غەم-قايغۇ بېسىۋالدى" دېگەن. رەسۇلۇللا ئۇنىڭغا: "ساڭا شۇنداق بىر سۆزنى ئۆگىتىپ قويايكى، ئۇنى ئەتىگەن-ئاخشامدا ئوقۇساڭ ئاللا سېنى غەمدىن ۋە ئۇستۇڭدىكى قەرزدىن خالاس قىلىدۇ" دەپ، بۇ دۇئانى ئۇنىڭغا ئۆگىتىپ قويغان. ئەبۇ ئۇمامە: "بۇ دۇئانى ئوقۇغانىدىم، ئاللا مېنى غەم ۋە قەرزدىن خالاس تاپقۇزدى" دېگەن.)

اَللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنْ زَوَالِ نِعْمَتِكَ، وَتَحَوُّلِ
عَافِيَتِكَ، وَفُجَاءَةِ نِقْمَتِكَ، وَجَمِيعِ سَخَطِكَ

تەرجىمىسى: ئى ئاللا! سەن بىلەن بەرگەن نېمىتىڭنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشىدىن، بەرگەن ئامانلىقىڭنىڭ ئۆزگىرىپ قېلىشىدىن، تۇيۇقسىز جازالىشىڭدىن ۋە جىمى غەزەپلىرىڭدىن پاناھ تىلەيمەن.

اَللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنْ جَهْدِ الْبَلَاءِ، وَدَرَكِ الشَّقَاءِ، وَسُوءِ الْقَضَاءِ، وَشَمَاتَةِ الْأَعْدَاءِ

تەرجىمىسى: ئى ئاللا! ساڭا سىغىنىپ، ئېغىر ئەھۋالدا قېلىشتىن، بەختسىزلىككە دۇچار بولۇپ قېلىشتىن، بالا-قازاغا يولۇقۇپ قېلىشتىن ۋە دۈشمەنلەرنى خۇش قىلىدىغان ئىشقا دۇچار بولۇشتىن پاناھ تىلەيمەن.

اَللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنَ الْعَجْزِ وَالْكَسَلِ وَالْجُبْنِ وَالْهَرَمِ وَأَعُوذُ
بِكَ مِنْ فِتْنَةِ الْمَحْيَا وَالْمَمَاتِ وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ عَذَابِ الْقَبْرِ

تەرجىمىسى: ئى ئاللا! ساڭا سىغىنىپ، ئاجىزلىقتىن، ھۇرۇنلۇقتىن، قورقۇنچلۇقتىن، بەكمۇ قېرىپ كېتىشتىن پاناھ تىلەيمەن، يەنە ھاياتلىقنىڭ پىتنىلىرىدىن ۋە ئۆلۈمنىڭ پىتنىلىرىدىن پاناھ تىلەيمەن؛ يەنە گۆر ئازابىدىن پاناھ تىلەيمەن.

اَللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنَ الْعَجْزِ وَالْكَسَلِ وَالْجُبْنِ وَالْبُخْلِ وَالْهَرَمِ وَعَذَابِ الْقَبْرِ اَللَّهُمَّ آتِ
نَفْسِي تَقْوَاهَا وَزَكِّهَا أَنْتَ خَيْرُ مَنْ زَكَّاهَا أَنْتَ وَلِيُّهَا وَمَوْلَاهَا اَللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنْ عِلْمٍ لَا يَنْفَعُ
وَمِنْ قَلْبٍ لَا يَخْشَعُ وَمِنْ نَفْسٍ لَا تَشْبَعُ وَمِنْ دَعْوَةٍ لَا يُسْتَجَابُ لَهَا

تەرجىمىسى: ئى ئاللا! ساڭا سىغىنىپ، ئاجىزلىقتىن، ھۇرۇنلۇقتىن، قورقۇنچلۇقتىن، بېخىللىقتىن، بەك قېرىپ كېتىشتىن ۋە گۆر ئازابىدىن پاناھ تىلەيمەن؛ ئى ئاللا، نەپسىمنى تەقۋادار قىلغىن، ئۇنى پاك قىلغىن، ئۇنى پەقەت سەنلا پاك قىلىسەن، سەن ئۇنى قوغدىغۇچىسەن ۋە سەن ئۇنىڭ ئىگىسىسەن؛ ئى ئاللا! ساڭا سىغىنىپ، پايدىسىز ئىلىمدىن، بويسۇنماس دىلدىن، تويماس نەپسىدىن، ئىجابەت بولماس دۇئادىن پاناھ تىلەيمەن.

أَللّٰهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِرِضَاكَ مِنْ سَخَطِكَ وَأَعُوذُ بِمُعَافَاتِكَ مِنْ عُقُوبَتِكَ
نفسِكَ وَأَعُوذُ بِكَ مِنْكَ لاَ أُحْصِي ثَنَاءً عَلَيْكَ أَنْتَ كَمَا أَثْنَيْتَ عَلى

تەرجىمىسى: ئى ئاللا! سېنىڭ رازىلىقىڭ ئارقىلىق غەزىپىڭدىن پاناھ تىلەيمەن، سېنىڭ قوغدىشىڭ بىلەن سېنىڭ ئازابىڭدىن پاناھ تىلەيمەن، ساڭا سېغىنىپ سېنىڭ دوزىخىڭدىن پاناھ تىلەيمەن، سەن ئۆزۈڭگە سانا ئېيتقاندەك مۇكەممەل رەۋىشتە سانا ئېيتىشتىن ئاجىزمەن.

اَللّٰهُمَّ اِنِّي أَعُوذُبِكَ مِنْ شَرِّ مَاعَمِلْتُ وَشَرِّ مَالَمْ أَعْمَلْ

تەرجىمىسى: ئى ئاللا! قىلغان ئەمەللىرىمنىڭ يامانلىقىدىن ۋە قىلمىغان ئەمەللىرىمنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن.

(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ دۇئانى ئۆزىنىڭ قىلغان دۇئاسىدا ئوقۇيتتى.)

اَللّٰهُمَّ اِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنْ عَذَابِ الْقَبْرِ وَأَعُوذُبِكَ مِنْ فِتْنَةِ الْمَسِيحِ الدَّجَّالِ
وَأَعُوذُبِكَ مِنْ فِتْنَةِ الْمَحْيَا وَفِتْنَةِ الْمَمَاتِ اَللّٰهُمَّ اِنِّي أَعُوذُبِكَ مِنَ الْمَأْثَمِ وَالْمَغْرَمِ

تەرجىمىسى: ئى ئاللا! ساڭا سېغىنىپ قەبرە ئازابىدىن پاناھ تىلەيمەن، ساڭا سېغىنىپ كاززاپ دەججالنىڭ پىتنىسىدىن پاناھ تىلەيمەن، ساڭا سېغىنىپ ھاياتلىقنىڭ ۋە ماماتلىقنىڭ پىتنىسىدىن پاناھ تىلەيمەن، ئى ئاللا! ساڭا سېغىنىپ گۇناھتىن ۋە قەرزدارلىقتىن پاناھ تىلەيمەن.

(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ دۇئانى نامازنىڭ ئاخىرىدا ئوقۇيتتى. بىر ئادەم رەسۇلۇللاغا: "قەرزدىن ئەجەبمۇ تولا پاناھ تىلەيسەن" دېگەندە، رەسۇلۇللا ئۇنىڭغا: "كىشى قەرزدار بولۇپ قالسا، سۆزىگە يالغاننى ئارىلاشتۇرۇپ قويىدۇ، ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىپ قويىدۇ" دېگەن.)

اَللّٰهُمَّ اِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنَ الْبُخْلِ وَأَعُوذُ بِكَ مِنَ الْجُبْنِ وَاَعُوذُ بِكَ
أَنْ نُرَدَّ اِلَى أَرْذَلِ الْعُمْرِ وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ فِتْنَةِ الدُّنْيَا وَعَذَابِ الْقَبْرِ

تەرجىمىسى: ئى ئاللا! ساڭا سېغىنىپ، بېخىللىقتىن پاناھ تىلەيمەن، قورقۇنچاقلىقتىن پاناھ تىلەيمەن، بەك قېرىپ كېتىشتىن پاناھ تىلەيمەن، دۇنيانىڭ پىتنىسىدىن ۋە گۆر ئازابىدىن پاناھ تىلەيمەن.

(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ دۇئانى ساھابىلارغا خۇددى خەت تەلىم بەرگەندەك تەلىم بېرەتتى.)

اللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنْ شَرِّ سَمْعِي، وَمِنْ شَرِّ بَصَرِي، وَمِنْ شَرِّ لِسَانِي، وَمِنْ شَرِّ قَلْبِي، وَمِنْ شَرِّ مَنِيِّي

تەرجىمىسى: ئى ئاللا! سەن بىلەن، قۇلىقىمنىڭ يامانلىقىدىن، كۆزۈمنىڭ يامانلىقىدىن، تىلىمنىڭ يامانلىقىدىن، قەلبىمنىڭ يامانلىقىدىن ۋە جان يېرىمنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن.

اللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنَ الْجُوعِ؛ فَإِنَّهُ بِئْسَ الضَّجِيعُ، وَأَعُوذُ بِكَ مِنَ الْخِيَانَةِ، فَإِنَّهَا بِئْسَتِ الْبِطَانَةُ

تەرجىمىسى: ئى ئاللا! ساڭا سىغىنىپ، ئاچلىقتىن پاناھ تىلەيمەن، ئاچ قېلىش نېمىدېگەن يامان! ساڭا سىغىنىپ، خىيانەتتىن پاناھ تىلەيمەن، خىيانەت نېمىدېگەن يامان!

اَللّٰهُمَّ اجْعَلْنِي مِنَ الشَّاكِرِينَ لِآلَائِكَ، الصَّابِرِينَ عَلَى بَلَائِكَ، النَّاصِرِينَ لِأَوْلِيَائِكَ

تەرجىمىسى: ئى ئاللا مېنى نېمەتلىرىڭگە شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن، كۈلپەتلىرىڭگە سەۋرى قىلغۇچىلاردىن، دوستلىرىڭغا ياردەم بەرگۈچىلەردىن قىلغىن.

اَللّٰهُمَّ لَا تَحْرِمْنِي خَيْرَ مَا عِنْدَكَ بِسُوءِ مَا عِنْدِي. اَللّٰهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ عَيْشًا قَارًّا، وَرِزْقًا دَارًّا، وَعَمَلًا بَارًّا.

تەرجىمىسى: ئى ئاللا! مەندىكى يامانلىقلارنىڭ تۈپەيلىدىن دەرگاھىڭدىكى ياخشىلىقلاردىن مېنى قۇرۇق قالدۇرمىغىن، ئى ئاللا! سەندىن مۇقىم تۇرمۇشنى، مول رىزىقنى، ياخشى ئەمەلنى سورايمەن.

اَللّٰهُمَّ إِنِّي ضَعِيفٌ فَقَوِّنِي، وَإِنِّي ذَلِيلٌ فَأَعِزَّنِي، إِنِّي فَقِيرٌ فَأَغْنِنِي.
اَللّٰهُمَّ عَلِّمْنِي مَا يَنْفَعُنِي، وَانْفَعْنِي بِمَا عَلَّمْتَنِي، وَزِدْنِي عِلْمًا.

تەرجىمىسى: ئى ئاللا! مەن ئاجىزمەن، مېنى كۈچلۈك قىلغىن؛ مەن خارمەن، مېنى ئابرۇيلۇق قىلغىن؛ مەن كەمبەغەلمەن، مېنى باي قىلغىن؛ ئى ئاللا! ماڭا پايدىلىق نەرسىلەرنى بىلدۈرگىن، ماڭا بىلدۈرگەنلىرىڭدىن مېنى پايدىلاندۇرغىن، ئىلمىمنى زىياد قىلغىن.

اَللّٰهُمَّ جَمِّلْ أَمْرِي مَا أَحْيَيْتَنِي، وَعَافِنِي مَا أَبْقَيْتَنِي، وَبَارِكْ لِي فِيمَا خَوَّلْتَنِي، وَاحْفَظْ لِي مَا أَوْلَيْتَنِي، وَارْحَمْنِي إِذَا تَوَفَّيْتَنِي، وَآنِسْ وَحْشَتِي إِذَا أَرْمَسْتَنِي، وَتَفَضَّلْ عَلَيَّ إِذَا حَاسَبْتَنِي، وَلَا تَسْلُبْنِي الْإِيمَانَ وَقَدْ هَدَيْتَنِي.

تەرجىمىسى: ئى ئاللا! مېنى ھايات قالدۇرىدىكەنسەن ئىشلىرىمنى گۈزەللەشتۈرگىن، جېنىم تېنىمدە بولسىلا مېنى ئامان قىلغىن، ماڭا بەرگەنلىرىڭگە بەرىكەت ئاتا قىلغىن، نېمەتلىرىڭنى مەندىن كەتكۈزۈۋەتمىگىن، مېنى قەبزى روھ قىلساڭ ماڭا رەھىم قىلغىن، قەبرىدىكى يالغۇزلۇقۇمدا ماڭا ھەمراھ بولغىن، مەندىن ھېساب ئالماقچى بولغىنىڭدا ماڭا مەرھەمەت قىلغىن، سەن مېنى ھىدايەت قىلدىڭكى ئىمانىمدىن ئاجراتمىغىن.

اَللّٰهُمَّ لَا تَقْطَعْ رَجَائِي وَبَلِّغْنِي الْأَمَانِي، وَاكْفِنِي الْأَعَادِي، وَأَصْلِحْ لِي شَأْنِي، وَاكْفِنِي أَمْرَ دِينِي وَدُنْيَايَ وَآخِرَتِي، وَارْزُقْنِي قَلْبًا تَوَّابًا، لَا كَافِرًا وَلَا مُرْتَابًا، وَاغْفِرْ لِي وَاهْدِنِي وَارْزُقْنِي، وَأَنْتَ خَيْرُ الرَّازِقِينَ، بِرَحْمَتِكَ يَا أَرْحَمَ الرَّاحِمِينَ.

تەرجىمىسى: ئى ئاللا! مېنى ئۈمىدسىز قالدۇرمىغىن، مېنى مەقسەتلىرىمگە يەتكۈزگىن، مېنى دۈشمەنلىرىمگە تېتىتقىن، مېنىڭ ھالىمنى تۈزىگىن، مېنىڭ دىنىمغا، دۇنيالىقىمغا ۋە ئاخىرىتىمگە ئۈزۈلۈك ئىگە بولغىن، ماڭا، كۆپرىلىق قىلغۇچى، شەك قىلغۇچى قەلبىنى ئەمەس، تەۋبە قىلغۇچى قەلبىنى نېسىپ قىلغىن، ماڭا مەغپىرەت قىلغىن، مېنى ھىدايەت قىلغىن، ماڭا رىزقى ئاتا قىلغىن، سەن ئەڭ ياخشى رىزقى ئاتا قىلغۇچىسەن، ئى ئەڭ رەھىم قىلغۇچى زات (يۇقىرىقىلارغا) پەقەت سېنىڭ رەھمىتىڭ ئارقىلىق ئېرىشكىلى بولىدۇ.

أَللَّهُمَّ إِنَّا نَتَوَسَّلُ إِلَيْكَ بِمَا تَوَسَّلَ بِهِ عِبَادُكَ الصَّالِحُونَ، وَأَوْلِيَاؤُكَ الْمُقَرَّبُونَ، أَنْ تَجْعَلَ لَنَا مِنَ الْفَهْمِ عَنْكَ وَعَنْ رَسُولِكَ، مَا نَبْلُغُ بِهِ مَنَازِلَ الصِّدِّيقِينَ وَنُحْشَرُ بِهِ فِي زُمْرَةِ الْعُلَمَاءِ الْعَامِلِينَ.

تەرجىمىسى: ئى ئاللا، ساڭا بىز سېنىڭ ياخشى بەندىلىرىڭ ۋە يېقىن ئەۋلىيالىرىڭ يېقىنچىلىق قىلغان نەرسىلەر بىلەن يېقىنچىلىق قىلىمىزكى، سەن بىزنى ئۈزۈلۈك ۋە پەيغەمبىرىڭ توغرۇلۇق سىددىقلارنىڭ دەرىجىلىرىگە يەتكۈزىدىغان، مەھشەرگاھدا ئەمەل قىلغۇچى ئۆلىمالار قاتارىدا قىلىدىغان چۈشەنچىگە ئىگە قىلغايسەن.

أَللَّهُمَّ إِنِّي أَبْرَأُ إِلَيْكَ مِنْ حَوْلِي وَقُوَّتِي، وَأَلْجَأُ إِلَى حَوْلِكَ وَقُوَّتِكَ.
أَحْمُدُكَ إِذْ أَوْجَدْتَنَا مِنَ الْعَدَمِ، وَفَضَّلْتَنَا عَلَى كَثِيرٍ مِنَ الْأُمَمِ.

تەرجىمىسى: ئى ئاللا! مەن ھەقىقەتەن ساڭا يۈزلىنىپ چارە-تەدبىر، كۈچ-قۇۋۋىتىمدىن چەك ئارىكا بولۇپ سېنىڭ چارە-تەدبىر ۋە كۈچ-قۇۋۋىتىڭگە ئىلتىجا قىلىمەن، بىزنى يوقتىن بار قىلغانلىقىڭ، نۇرغۇن ئۈممەتلەردىن بىزنى ئۈستۈن قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن ساڭا ھەمدى ئېيتىمەن.

أَللَّهُمَّ فَخُذْ بِيَدِي فِي الْمَضَائِقِ، وَاكْشِفْ لِي وُجُوهَ الْحَقَائِقِ، وَوَفِّقْنِي لِمَا تُحِبُّ، وَاعْصِمْنِي مِنَ الزَّلَلِ، وَلَا تَسْلُبْنِي سِتْرَ إِحْسَانِكَ، وَقِنِي مَصَارِعَ السُّوءِ، وَاكْفِنِي كَيْدَ الْحَاسِدِ وَشَمَاتَةَ الْأَضْدَادِ، وَالْطُفْ بِي فِي سَائِرِ تَصَرُّفَاتِي، وَاكْفِنِي مِنْ جَمِيعِ جِهَاتِي، يَا أَرْحَمَ الرَّاحِمِينَ.

تەرجىمىسى: ئى ئاللا! دىشۋارچىلىقلاردا مېنىڭ قولۇمنى ئۇشلىغىن، ھەقىقەتلەر يۈزىنى ماڭا ئېچىپ بەرگىن، سەن ياقتۇرىدىغان ئىشلارغا مېنى مۇۋەپپەق قىلغىن، مېنى تېيىلىپ كېتىشتىن ساقلىغىن، ئېھسانىڭنىڭ پەردىسىنى مەندىن تارتىۋالمىغىن، مېنى يامان ئاقىۋەتلەردىن ساقلىغىن، مېنى كۆرەلمەيدىغانلارنىڭ مىكرىدىن ۋە دۈشمەنلەرنى خۇشال قىلىدىغان ئىشلاردىن مېنى ساقلىغىن، بارلىق ھەرىكەتلىرىمدە ماڭا مەرھەمەتلىك بولغىن، مېنى ھەممە تەرەپىمدىن قوغدىغىن، ئى ئەڭ رەھمەت قىلغۇچى زات.

أَسْأَلُكَ بِنُورِ وَجْهِكَ ٱلَّذِي أَشْرَقَتْ لَهُ ٱلسَّمٰوَاتُ وَٱلْأَرْضُ ، وَبِكُلِّ حَقٍّ هُوَ لَكَ ، وَبِحَقِّ السَّائِلِينَ عَلَيْكَ ، أَنْ تَقْبَلَنِي ، وَأَنْ تُجِيرَنِي مِنَ النَّارِ بِقُدْرَتِكَ. حَسْبِيَ ٱللهُ لَا إِلٰهَ إِلَّا هُوَ عَلَيْهِ تَوَكَّلْتُ وَهُوَ رَبُّ ٱلْعَرْشِ ٱلْعَظِيمِ .

تەرجىمىسى: ئاسمان ۋە زېمىن يورۇپ كەتكەن سېنىڭ يۈزۈڭ بىلەن ۋە پۈتۈن سېنىڭ ھەققىڭ بىلەن، سەندىن سورىغۇچىلارنىڭ ھەققى بىلەن سېنىڭ مېنى قوبۇل قىلىشىڭنى، قۇدرىتىڭ بىلەن مېنى دوزاختىن قۇتۇلدۇرۇشۇڭنى سورايمەن، ئاللا ماڭا كىپايە قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنىڭغا تەۋەككۈل قىلدىم، ئۇ بۈيۈك ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر.

أَللّٰهُمَّ فَاطِرَ ٱلسَّمٰوَاتِ وَٱلْأَرْضِ ، عَالِمَ ٱلْغَيْبِ وَٱلشَّهَادَةِ ، رَبَّ كُلِّ شَيْءٍ وَمَلِيكَهُ . أَشْهَدُ أَلَّا إِلَّا أَنْتَ . وَأَنْ أَقْتَرِفَ عَلَى نَفْسِي سُوءًا ، أَوْ أَجُرَّهُ إِلَى مُسْلِمٍ . أَعُوذُ بِكَ مِنْ شَرِّ نَفْسِي ، وَمِنْ شَرِّ إِلٰهَ الشَّيْطَانِ وَشَرَكِهِ .

تەرجىمىسى: ئى ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆرنەكسىز ياراتقۇچى، يوشۇرۇن ۋە ئاشكارىنى بىلگۈچى، ھەممە نەرسىنىڭ پەرۋەردىگارى ۋە پادىشاھى ئاللا! گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، سەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ساڭا سېغىنىپ نەپسىمنىڭ يامانلىقىدىن، شەيتاننىڭ يامانلىقىدىن ۋە ئۇنىڭ قاپقىنىدىن، ئۆز نەپسىمگە بىرەر يامانلىق كەلتۈرۈپ قويۇشۇمدىن ياكى بىرەر مۇسۇلمانغا بىرەر يامانلىق كەلتۈرۈپ قويۇشۇمدىن پاناھ تىلەيمەن.

أَللّٰهُمَّ أَرِنِي ٱلْحَقَّ حَقًّا وَٱرْزُقْنِي ٱتِّبَاعَهُ ، وَأَرِنِي ٱلْبَاطِلَ بَاطِلًا وَٱرْزُقْنِي ٱجْتِنَابَهُ .

تەرجىمىسى: ئى ئاللا! ماڭا ھەقنى ھەق كۆرسەتكىن، ماڭا ھەقىقەتكە ئەگىشىشنى نېسىپ قىلغىن، ماڭا باتىلنى باتىل كۆرسەتكىن ۋە ئۇنىڭدىن ساقلىنىشنى ماڭا نېسىپ قىلغىن.

أَللّٰهُمَّ أَعْطِنِي إِيمَانًا صَادِقًا ، وَيَقِينًا لَيْسَ بَعْدَهُ كُفْرٌ ، وَرَحْمَةً أَنَالُ بِهَا شَرَفَ كَرَامَتِكَ .

تەرجىمىسى: ئى ئاللا! ماڭا راست ئىماننى، كۇپرىغا ھەرگىز يېقىن كەلمەيدىغان ھەقىقىي ئەقىدىنى ۋە مەن سېنىڭ ھۆرمىتىڭنىڭ شەرىپىگە يېتىدىغان رەھمەتنى ئاتا قىلغىن.

أَللّٰهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ مِنَ ٱلْخَيْرِ كُلِّهِ ، عَاجِلِهِ وَآجِلِهِ ، مَا عَلِمْتُ مِنْهُ وَمَا لَمْ أَعْلَمْ ، وَأَعُوذُ بِكَ مِنَ الشَّرِّ كُلِّهِ ، عَاجِلِهِ وَآجِلِهِ ، مَا عَلِمْتُ مِنْهُ وَمَا لَمْ أَعْلَمْ . وَأَسْأَلُكَ ٱلْجَنَّةَ وَمَا قَرَّبَ إِلَيْهَا مِنْ قَوْلٍ أَوْ عَمَلٍ ، وَأَعُوذُ بِكَ مِنَ النَّارِ وَمَا قَرَّبَ إِلَيْهَا مِنْ قَوْلٍ أَوْ عَمَلٍ ، وَأَسْأَلُكَ مِنْ خَيْرِ مَا سَأَلَكَ مِنْهُ عَبْدُكَ وَرَسُولُكَ مُحَمَّدٌ ﷺ ، وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ شَرِّ مَا ٱسْتَعَاذَكَ مِنْهُ عَبْدُكَ وَرَسُولُكَ مُحَمَّدٌ ﷺ ، وَأَسْأَلُكَ مَا قَضَيْتَ لِي مِنْ أَمْرٍ أَنْ تَجْعَلَ عَاقِبَتَهُ رَشَدًا .

تەرجىمىسى: ئى ئاللا! ياخشىلىقنىڭ بۇرۇنقىسى بولسۇن، كېيىنكىسى بولسۇن، ئۇنىڭدىن بىلىدىغىنىم بولسۇن ۋە بىلمەيدىغىنىم بولسۇن ھەممىسىنى سەندىن سورايمەن، يامانلىقنىڭ بۇرۇنقىسى بولسۇن، كېيىنكىسى بولسۇن، ئۇنىڭدىن بىلىدىغىنىم بولسۇن ۋە بىلمەيدىغىنىم بولسۇن ھەممىسىدىن ساڭا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن. سەندىن جەننەتنى ۋە جەننەتكە يېقىنلاشتۇرىدىغان سۆز ياكى ھەرىكەتنى سورايمەن، ساڭا سېغىنىپ دوزاختىن ۋە دوزاخقا يېقىنلاشتۇرىدىغان سۆز ۋە ھەرىكەتلەردىن پاناھ تىلەيمەن. بەندەڭ ۋە پەيغەمبىرىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام سەندىن سورىغان نەرسىلەرنىڭ ياخشىسىنى سورايمەن، بەندەڭ ۋە پەيغەمبىرىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ساڭا سېغىنىپ پاناھ تىلىگەن نەرسىلەرنىڭ يامىنىدىن پاناھ تىلەيمەن، شۇنداقلا سېنىڭ پېشانەمگە پۈتكەن ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ياخشى قىلىشىڭنى تىلەيمەن.

أَللّٰهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ أَنْ تُيَسِّرَ لِي أَمْرَ رِزْقِي، وَأَنْ تَعْصِمَنِي مِنَ الْحِرْصِ وَالتَّعَبِ فِي طَلَبِهِ، وَمِنْ كَثْرَةِ الْهَمِّ وَالتَّفْكِيرِ فِي تَحْصِيلِهِ، وَمِنَ الشُّحِّ وَالْبُخْلِ بَعْدَ حُصُولِهِ، وَاجْعَلْهُ سَبَباً لِإِقَامَةِ عُبُودِيَّتِكَ وَمُشَاهَدَةِ رُبُوبِيَّتِكَ، وَأَنْ تَتَوَلَّى أَمْرِي كُلَّهُ بِذَاتِكَ، وَكَرَمِكَ وَفَضْلِكَ، وَلَا تَكِلْنِي إِلَى نَفْسِي طَرْفَةَ عَيْنٍ، وَلَا أَقَلَّ مِنْ ذٰلِكَ، وَاهْدِنِي الصِّرَاطَ الْمُسْتَقِيمَ، صِرَاطَ اللهِ الَّذِي لَهُ مَا فِي السَّمٰوَاتِ وَمَا فِي الْأَرْضِ. أَلَا إِلَى اللهِ تَصِيرُ الْأُمُورُ. وَلَا حَوْلَ وَلَا قُوَّةَ إِلَّا بِاللهِ الْعَلِيِّ الْعَظِيمِ.

تەرجىمىسى: ئى ئاللا! مەن سەندىن رىزقى ئىشىمنى ئاسان قىلىشىڭنى ۋە مېنى رىزقى تەلەپ قىلىشتا ھېرىسمەنلىكتىن ۋە ھېرىپ-چارچاپ كېتىشتىن ساقلىشىڭنى، ئۇنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى غەم-قايغۇنىڭ كۆپلۈكىدىن ۋە رىزقىمغا ئېرىشكەندىن كېيىن پېخسىلىقتىن مېنى ساقلىشىڭنى سورايمەن. ئۇنى ساڭا قۇلچىلىق قىلىشنى بەرپا قىلىشنىڭ، پەرۋەردىگارلىقىڭنى مۇلاھىزە قىلىشىمنىڭ سەۋەبى قىلغىن، مېنىڭ ئىشلىرىمنىڭ ھەممىسىگە پەزلى-كەرىمىڭ بىلەن ئۆزۈڭنىڭ ئىگە بولۇشىڭنى، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بەلكى ئۇنىڭدىن ئاز ۋاقىتتىمۇ مېنى ئۆز نەپسى خاھىشىمغا قويۇۋەتمەسلىكىڭنى تىلەيمەن. مېنى توغرا يولغا، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى شەيئىلەرنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللانىڭ يولىغا باشلىغىن. بىلىڭلاركى، ھەممە ئىش ئاللانىڭ دەرگاھىغا قايتىدۇ. ئۇلۇغ-يۈكسەك ئاللانىڭ مەدىتى بولمىسا، قولىمىزدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ.

أَللّٰهُمَّ إِنَّا نَسْأَلُكَ مِنَ النِّعْمَةِ تَمَامَهَا، وَمِنَ الرَّحْمَةِ شُمُولَهَا، وَمِنَ الْعَافِيَةِ دَوَامَهَا، وَمِنَ الْعَيْشِ أَرْغَدَهُ، وَمِنَ الْعُمْرِ أَسْعَدَهُ، وَمِنَ الْإِحْسَانِ أَتَمَّهُ، وَمِنَ الْإِنْعَامِ أَعَمَّهُ، وَمِنَ الْعَمَلِ أَصْلَحَهُ، وَمِنَ الْعِلْمِ أَنْفَعَهُ، وَمِنَ الرِّزْقِ أَوْسَعَهُ.

تەرجىمىسى: ئى ئاللا! سەندىن تولۇق نېمىتىڭنى، ئومۇمىي رەھمىتىڭنى، ئۈزۈلمەس ئامانلىقنى، كەڭتاشا تۇرمۇشنى، بەختىيار ئۆمۈرنى، تولۇق ئېھسانىنى، كەڭ ئىنئامىڭنى،

ئەڭ ياخشى ئەمەلنى، ئەڭ پايدىلىق ئىلىمنى ۋە كەڭ رىزقىنى تىلەيمەن.

أَللَّهُمَّ إِنِّي ضَعِيفٌ فَقَوِّنِي فِي رِضَاكَ ، وَخُذْ إِلَى الْخَيْرِ بِنَاصِيَتِي، وَاجْعَلِ الْإِسْلَامَ مُنْتَهَى رِجَائِي .

تەرجىمىسى: ئى ئاللا! ھەقىقەتەن مەن ئاجىزمەنكى سېنىڭ رازىلىقىڭ يولىدا مېنى كۈچلۈك قىلغىن، ياخشىلىق تەرەپكە بۇراپ مېنىڭ كوكۇلامنى تۇتقىن، ئىسلام دىنىنى ئۈمىدىمنىڭ غايىسى قىلغىن.

أَللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ النَّعِيمَ يَوْمَ الْعَيْلَةِ ، وَالْأَمْنَ يَوْمَ الْخَوْفِ .

تەرجىمىسى: ئى ئاللا! سەندىن نامراتلىق كۈندە نېمەت بېرىشىڭنى، قورقۇنچلۇق كۈندە ئامانلىق بېرىشىڭنى تىلەيمەن.

أَللَّهُمَّ إِنِّي عَائِذٌ بِكَ مِنْ شَرِّ مَا أَعْطَيْتَنَا ، وَمِنْ شَرِّ مَا مَنَعْتَنَا .

تەرجىمىسى: ئى ئاللا! شۈبھىسىزكى، مەن ساڭا سېغىنىپ ماڭا بەرگەن نېمەتلىرىڭنىڭ يامانلىقىدىن، مەھرۇم قىلغان نەرسىلىرىڭنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن.

أَللَّهُمَّ حَبِّبْ إِلَيْنَا الْإِيمَانَ وَزَيِّنْهُ فِي قُلُوبِنَا ، وَكَرِّهْ إِلَيْنَا الْكُفْرَ وَالْفُسُوقَ وَالْعِصْيَانَ ، وَاجْعَلْنَا مِنَ الرَّاشِدِينَ .

تەرجىمىسى: ئى ئاللا! بىزگە ئىماننى قىزغىن سۆيگۈزگىن، ئۇنى دىلىمىزدا كۆركەم قىلغىن، بىزگە كۇپرىنى، فىسقىنى ۋە گۇناھنى يامان كۆرسەتكىن، بىزنى توغرا يولدا بولغۇچىلاردىن قىلغىن.

«اللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ خَيْرَ الْمَسْأَلَةِ، وَخَيْرَ الدُّعَاءِ، وَخَيْرَ النَّجَاحِ، وَخَيْرَ الْعَمَلِ، وَخَيْرَ الثَّوابِ، وَخَيْرَ الْحَيَاةِ، وَخَيْرَ الْمَمَاتِ، وَثَبِّتْنِي، وَثَقِّلْ مَوَازِينِي، وَحَقِّقْ إِيمَانِي، وَارْفَعْ دَرَجَاتِي، وَتَقَبَّلْ صَلَاتِي، وَاغْفِرْ خَطِيئَتِي، وَأَسْأَلُكَ الدَّرَجَاتِ الْعُلَى مِنَ الْجَنَّةِ، اللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ فَوَاتِحَ الْخَيْرِ، وَخَوَاتِمَهُ، وَجَوَامِعَهُ، وَأَوَّلَهُ، وَظَاهِرَهُ، وَبَاطِنَهُ، وَالدَّرَجَاتِ الْعُلَى مِنَ الْجَنَّةِ آمِينَ. اللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ خَيْرَ مَا آتِي، وَخَيْرَ مَا أَفْعَلُ، وَخَيْرَ مَا أَعْمَلُ، وَخَيْرَ مَا بَطَنَ، وَخَيْرَ مَا ظَهَرَ، وَالدَّرَجَاتِ الْعُلَى مِنَ الْجَنَّةِ آمِينَ. اللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ أَنْ تَرْفَعَ ذِكْرِي، وَتَضَعَ وِزْرِي، وَتُصْلِحَ أَمْرِي، وَتُطَهِّرَ قَلْبِي، وَتُحَصِّنَ فَرْجِي، وَتُنَوِّرَ قَلْبِي، وَتَغْفِرَ لِي ذَنْبِي، وَأَسْأَلُكَ الدَّرَجَاتِ الْعُلَى مِنَ الْجَنَّةِ آمِينَ. اللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ أَنْ تُبَارِكَ فِي نَفْسِي، وَفِي سَمْعِي، وَفِي بَصَرِي، وَفِي رُوحِي، وَفِي خَلْقِي، وَفِي خُلُقِي، وَفِي أَهْلِي، وَفِي مَحْيَايَ، وَفِي مَمَاتِي، وَفِي عَمَلِي، فَتَقَبَّلْ حَسَنَاتِي، وَأَسْأَلُكَ الدَّرَجَاتِ الْعُلَى مِنَ الْجَنَّةِ آمِينَ».

تەرجىمىسى: ئى ئاللا! شۈبھىسىزكى، مەن سەندىن ھاجەتنىڭ ياخشىسىنى، دۇئانىڭ ياخشىسىنى، مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ياخشىسىنى، ئىشنىڭ ياخشىسىنى، ئەمەلنىڭ ياخشىسىنى، ساۋابنىڭ ياخشىسىنى، ھاياتنىڭ ياخشىسىنى ۋە ئۆلۈمنىڭ ياخشىسىنى تىلەيمەن. مېنىڭ (ئىمانىمنى) مۇستەھكەم قىلغىن. (ئەمەللىرىمنى تارتىدىغان) تارازىنى ئېغىر قىلغىن، ئىمانىمنى راست قىلغىن، دەرىجىلىرىمنى ئۈستۈن قىلغىن، نامىزىمنى قوبۇل قىلغىن، خاتالىقىمنى كەچۈرگىن، سەندىن جەننەتنىڭ ئالىي دەرىجىلىرىنى سورايمەن. ئى ئاللا! ياخشىلىقلارنىڭ دەسلىپىنى، تۈگەنچىسىنى، غوللۇقلىرىنى، ئىچكى ۋە تاشقىرىلىرىنى، جەننەتنىڭ يۇقىرى مەرتىۋىلىرىنى سورايمەن، ئامىن.

ئى ئاللا! مەن ھەقىقەتەن سەندىن قىلىدىغان ئىشلىرىمنىڭ ياخشىلىرىنى، ئۇلارنىڭ مەخپىي ۋە ئاشكارا بولغانلىرىنىڭ ياخشىلىرىنى ۋە جەننەتنىڭ ئۈستۈن ماقاملىرىنى تىلەيمەن، ئامىن. ئى ئاللا! مەن ھەقىقەتەن سەندىن نامىمنى يۇقىرى قىلىشىڭنى، گۇناھىمنى تۆۋەن قىلىشىڭنى، ئىشىمنى ياخشىلىشىڭنى، قەلبىمنى پاك قىلىشىڭنى، جان يېرىمنى ئىپپەتلىك قىلىشىڭنى، دىلىمنى نۇرلاندۇرۇشۇڭنى، گۇناھىمنى كەچۈرۈشۈڭنى تىلەيمەن ۋە جەننەتنىڭ ئالىي دەرىجىلىرىنى تىلەيمەن، ئامىن. ئى ئاللا! مەن ھەقىقەتەن سەندىن نەپسىمگە، قۇلۇغۇمغا، كۆزۈمگە، روھىمغا، يارىتىلىشىمغا، ئەخلاقىمغا، ئەھلى-ئەۋلادلىرىمغا، ھايات-ماماتلىقىمغا ۋە ئەمەللىرىمگە بەرىكەت ئاتا قىلىشىڭنى تىلەيمەن، مېنىڭ ياخشى ئەمەللىرىمنى قوبۇل قىلغىن، سەندىن جەننەتنىڭ ئالىي دەرىجىلىرىنى سورايمەن، ئامىن.

اللَّهُمَّ اغْفِرْ لِي، وَاهْدِنِي، وَارْزُقْنِي، وَعَافِنِي، أَعُوذُ بِاللهِ مِنْ ضِيقِ الْمَقَامِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ

تەرجىمىسى: ئى ئاللا! مېنى مەغپىرەت قىلغىن، مېنى ھىدايەت قىلغىن، ماڭا رىزقى بەرگىن، مېنى ئامان قىلغىن، ئاللاغا سېغىنىپ قىيامەت كۈنىدە ئورنۇمنىڭ تار بولۇپ قېلىشىدىن پاناھ تىلەيمەن.

اَللّٰهُمَّ إِنِّى أَعُوذُ بِكَ مِنَ الْهَدْمِ وَأَعُوذُ بِكَ مِنَ التَّرَدِّى وَأَعُوذُ بِكَ
مِنَ الْغَرَقِ وَالْحَرَقِ وَالْهَرَمِ وَأَعُوذُ بِكَ أَنْ يَتَخَبَّطَنِى الشَّيْطَانُ عِنْدَ الْمَوْتِ
وَأَعُوذُ بِكَ أَنْ أَمُوتَ فِى سَبِيلِكَ مُدْبِرًا وَأَعُوذُ بِكَ أَنْ أَمُوتَ لَدِيغًا .

تەرجىمىسى: ئى ئاللا! ساڭا سېغىنىپ (تامغا ئوخشاش) بىرەر نەرسە بېسىۋېلىپ ئۆلۈشتىن، (تاغقا ئوخشاش ئېگىز) جايدىن چۈشۈپ كېتىپ ئۆلۈشتىن، سۇدا غەرق بولۇپ ئۆلۈشتىن، (ئوتتا) كۆيۈپ ئۆلۈشتىن ۋە بەك قېرىپ كېتىشتىن پاناھ تىلەيمەن. ساڭا سېغىنىپ ئۆلىدىغان چاغدا، مېنى شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشىدىن پاناھ تىلەيمەن، ساڭا سېغىنىپ سېنىڭ يولۇڭدا ئارقىغا چېكىنىپ ئۆلۈشتىن پاناھ تىلەيمەن، ساڭا سېغىنىپ (يىلان، چايانغا ئوخشاش) زەھەرلىك نەرسىلەرنىڭ چېقىۋېلىشى بىلەن ئۆلۈشتىن پاناھ تىلەيمەن.

اَللّٰهُمَّ رَبَّ السَّمٰوَاتِ السَّبْعِ وَمَا أَظَلَّتْ وَرَبَّ الْأَرَضِينَ وَمَا أَقَلَّتْ وَرَبَّ الشَّيَاطِينِ وَمَا أَضَلَّتْ كُنْ لِي جَارًا مِنْ شَرِّ خَلْقِكَ كُلِّهِمْ جَمِيعًا أَنْ يَفْرُطَ عَلَيَّ أَحَدٌ أَوْ أَنْ يَبْغِيَ عَلَيَّ عَزَّ جَارُكَ وَجَلَّ ثَنَاؤُكَ وَلَا إِلٰهَ غَيْرُكَ وَلَا إِلٰهَ إِلَّا أَنْتَ .

تەرجىمىسى: ئى يەتتە ئاسماننىڭ پەرۋەردىگارى ئاللا! ۋە ئاسمانلارنىڭ ئاستىدىكى شەيئىلەرنىڭ ۋە زېمىنلارنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىكى شەيئىلەرنىڭ پەرۋەردىگارى، شەيتانلارنىڭ ۋە شەيتان ئازدۇرغانلارنىڭ پەرۋەردىگارى بارلىق مەخلۇقاتىڭنىڭ شەررىدىن ماڭا پاناھ بولغىنكى، بىرەر ئادەم ماڭا ھەددىدىن ئاشمىغاي ياكى زۇلۇم قىلمىغاي، ساڭا ئىلتىجا قىلغان ئادەم غالىبدۇر، سېنىڭ مەدھىيەڭ ئۇلۇغدۇر، سەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، پەقەت سەنلا بىر ئىلاھ سەن. (بۇ دۇئانى: ئۇيقۇسىزلىق كېسىلىگە دۇچار بولۇپ قالغان ئادەم ئوقۇيدۇ.)

قَالَ النَّبِيُّ ﷺ مَنْ قَالَ لَا إِلٰهَ إِلَّا اللّٰهُ وَاللّٰهُ أَكْبَرُ صَدَّقَهُ رَبُّهُ فَقَالَ لَا إِلٰهَ إِلَّا أَنَا وَأَنَا أَكْبَرُ وَإِذَا قَالَ لَا إِلٰهَ إِلَّا اللّٰهُ وَحْدَهُ قَالَ لَا إِلٰهَ إِلَّا أَنَا وَحْدِي وَإِذَا قَالَ لَا إِلٰهَ إِلَّا اللّٰهُ وَحْدَهُ لَا شَرِيكَ لَهُ قَالَ اللّٰهُ لَا إِلٰهَ إِلَّا أَنَا وَحْدِي لَا شَرِيكَ لِي وَإِذَا قَالَ لَا إِلٰهَ إِلَّا اللّٰهُ لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ قَالَ لَا إِلٰهَ إِلَّا أَنَا لِيَ الْمُلْكُ وَلِيَ الْحَمْدُ وَإِذَا قَالَ لَا إِلٰهَ إِلَّا اللّٰهُ وَلَا حَوْلَ وَلَا قُوَّةَ إِلَّا بِاللّٰهِ قَالَ لَا إِلٰهَ إِلَّا أَنَا وَلَا حَوْلَ وَلَا قُوَّةَ إِلَّا بِي وَكَانَ يَقُولُ مَنْ قَالَهَا فِي مَرَضِهِ ثُمَّ مَاتَ لَمْ تَطْعَمْهُ النَّارُ

تەرجىمىسى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: كىمكى "بىر ئاللادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، ئاللا ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر" دېسە، پەرۋەردىگارى ئۇنىڭ سۆزىنى تەستىقلاپ مۇنداق دەيدۇ: "مەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، مەن ئەڭ ئۇلۇغمەن". بەندە: "يالغۇز بىر ئاللادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر" دېسە، ئاللا: "يالغۇز مەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر" دەيدۇ. بەندە: "يالغۇز بىر ئاللادىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنىڭ شېرىكى يوقتۇر" دېسە، ئاللا: "يالغۇز مەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، مېنىڭ ھېچ شېرىكىم يوقتۇر" دەيدۇ، بەندە: "بىر ئاللادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، پۈتۈن سەلتەنەت ئاللاغا خاستۇر، جىمى ھەمدۇسانا ئاللاغا خاستۇر" دېسە، ئاللا: "مەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، پۈتۈن سەلتەنەت ۋە جىمى ھەمدۇسانا ماڭا خاستۇر" دەيدۇ. بەندە: "بىر ئاللادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئاللانىڭ مەدىتى بولمىسا، ھېچبىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايدۇ" دېسە، ئاللا: "پەقەت مەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ھەرقانداق ئىش پەقەت مېنىڭ مەدەت قىلىشىم بىلەنلا ۋۇجۇدقا چىقىدۇ" دەيدۇ. يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: كىمكى كېسەللىكىدە بۇ دۇئانى ئوقۇپ ئاندىن ۋاپات قىلسا، دوزاختىن نىجات تاپىدۇ، دېگەن.

(ئاغرىق ئادەم بۇ دۇئانى بىرقانچە قېتىم تەكرار ئوقۇشى كېرەك. بۇ دۇئا ساپ تەۋھىدتىن ئىبارەت بولۇپ، ئەڭ ياخشىسى ئۇنى كۆڭۈلدە ساقلاپ، كېچىدىمۇ ئوقۇش لازىم.)

اللّهم رَبَّ السَّموات السبع وَرَبَّ العرش العظيم ربّنا ورب كل شيء مُنْزِل التوراة والإنجيل والقرآن فالق الحبّ والنوى أعوذ بك من شر كل شيء أنت آخذ بناصيته أنتَ الأول فليس قبلك شيء وأنت الآخر فليس بعدك شيء وأنت الظاهر فليس فوقك شيء وأنت الباطن فليس دونك شيء اقض عني الدين وأغنني من الفقر

تەرجىمىسى: يەتتە ئاسماننىڭ پەرۋەردىگارى، ئۇلۇغ ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارى، بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىز ۋە ھەممە نەرسىنىڭ پەرۋەردىگارى ئى ئاللا! تەۋرات، ئىنجىل ۋە قۇرئانلارنى نازىل قىلغۇچى، دانلارنى ۋە ئۇرۇقلارنى بىخلاندۇرغۇچى ساڭا سېغىنىپ سېنىڭ ئىلكىڭدە بولغان ھەرقانداق نەرسىنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن، سېنىڭ ئىپتىدائىڭ يوقتۇر، سەندىن بۇرۇن ھېچ نەرسە بولغان ئەمەس، سېنىڭ ئىنتىھايىڭ يوقتۇر، سەندىن كېيىن بىرنەرسە بولمايدۇ، سەن ئاشكارادۇرسەنكى، سېنىڭ ئۈستۈڭدە ھېچ نەرسە يوقتۇر، سەن مەخپىيدۇرسەن (يەنى سېنى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدۇ، زاتىڭنىڭ ماھىيىتىنى تونۇشتا ئەقىللەر ئېرىشەلمەيدۇ)، سېنىڭ ئالدىڭدا ھېچ نەرسە يوقتۇر، مېنى قەرزدىن خالاس قىلغىن، مېنى كەمبەغەللىكتىن قۇتقۇزۇپ باي قىلغىن.

«اللَّهُمَّ طَهِّرْنِي مِنَ الذُّنُوبِ وَالْخَطَايَا، اللَّهُمَّ نَقِّنِي مِنْهَا كَمَا يُنَقَّى الثَّوْبُ الْأَبْيَضُ مِنَ الدَّنَسِ، اللَّهُمَّ طَهِّرْنِي بِالثَّلْجِ وَالْبَرَدِ وَالْمَاءِ الْبَارِدِ».

تەرجىمىسى: ئى ئاللا! مېنى گۇناھلاردىن ۋە خاتالىقلاردىن پاك قىلغىن، مېنى ئۇلاردىن خۇددى ئاق كىيىمنى كىردىن تازىلىغاندەك تازىلىغىن، ئى ئاللا! مېنى قار بىلەن، تولا بىلەن ۋە سوغۇق سۇ بىلەن تازىلىغىن.

«اللَّهُمَّ قِنِي شَرَّ نَفْسِي، وَاعْزِمْ لِي عَلَىٰ أَرْشَدِ أَمْرِي، اللَّهُمَّ اغْفِرْ لِي مَا أَسْرَرْتُ، وَمَا أَعْلَنْتُ، وَمَا أَخْطَأْتُ، وَمَا عَمَدْتُ، وَمَا عَلِمْتُ، وَمَا جَهِلْتُ».

تەرجىمىسى: ئى ئاللا! مېنى نەپسىمنىڭ شەررىدىن ساقلىغىن، ئىشىمنىڭ ئەڭ توغرىسىنى قىلىشقا ماڭا ئىرادە بېغىشلىغىن. ئى ئاللا! مېنىڭ يوشۇرۇن قىلغانلىرىمنى، ئاشكارا قىلغانلىرىمنى، خاتا قىلغانلىرىمنى، قەستەن قىلغانلىرىمنى، بىلىپ قىلغانلىرىمنى، بىلمەي قىلغانلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن.

رَبِّ أَنْتَ الَّذي خَلَقْتَنِي، وَأَنْتَ الَّذي تَهْدِينِي، وَأَنْتَ الَّذي تُطْعِمُنِي وَتَسْقِينِي، وَإِذا مَرِضْتُ فَأَنْتَ الَّذي تَشْفِينِي، وَأَنْتَ الَّذي تُمِيتُنِي ثُمَّ تُحْيِينِي، رَبِّ اغْفِرْ لي خَطِيئَتِي يَوْمَ الدِّين.

تەرجىمىسى: پەرۋەردىگارىم سەن مېنى ياراتتىڭ، سەن مېنى ھىدايەت قىلىسەن. سەن مېنى تاماق ۋە سۇ بىلەن تەمىنلەيسەن. كېسەل بولسام سەن شىپالىق بېرىسەن. سەن مېنى قەبزى روھ قىلىپ، قىيامەت كۈنى يەنە تىرىلدۈرسەن. پەرۋەردىگارىم قىيامەت كۈنى مېنىڭ خاتالىقلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن.

اللهم فارج الهم وكاشف الغم ومجيب دعوة المضطرين رحمن الدنيا والآخرة ورحيمهما أنت ترحمني فارحمني برحمة تغنيني بها عن رحمة من سواك

تەرجىمىسى: ئى غەم-قايغۇنى كۆتۈرۈۋەتكۈچى ئاللا! بېشىغا كۈن كەلگەنلەر دۇئاسىنى ئىجابەت قىلغۇچى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە شەپقەت قىلغۇچى مېھرىبان زات، سەن ماڭا رەھمى قىلغۇچىسەن، ماڭا شۇنداق رەھمى قىلغىنكى، سېنىڭ قىلغان رەھمىتىڭ بىلەن باشقىلارنىڭ رەھمى قىلىشىغا ھاجىتىم چۈشمىگەي.

(ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ: ئابا بەكرى مېنىڭ يېنىمغا كىرىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا شۇنداق بىر دۇئا ئۆگىتىپ قويدىكى، ئۇنى ئىسا ئەلەيھىسسالام ھەمراھلىرىغا ئۆگىتىپ قويغانىكەن: " بىرەر كىشىنىڭ بىر تاغ ئالتۇندەك قەرزى بولسىمۇ، بۇ دۇئانى ئوقۇسا ئۇنى ئاللاتائالا قەرزدىن خالاس قىلىدۇ" دېگەن دەپ ئېيتقان.

اَللّٰهُمَّ صَلِّ على مُحَمَّدٍ عَبْدِكَ وَرَسُولِكَ وَصَلِّ على المُؤْمِنِينَ وَالْمُؤْمِنات وَالْمسلمِينَ والْمُسلمات .

تەرجىمىسى: ئى ئاللا! سېنىڭ بەندەڭ ۋە پەيغەمبىرىڭ مۇھەممەدكە رەھمى قىلغىن، ئەر-ئايال مۆمىن ۋە ئەر-ئايال مۇسۇلمانلارغا رەھمى قىلغىن.

(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "قايسىبىر مۇسۇلمان سەدىقە بېرىدىغان نەرسە تاپالمىسا، مۇشۇ دۇئانى ئوقۇسا سەدىقە ئورنىدا بولىدۇ" دېگەن.)

(داۋامى كېيىنكى ساندا بېرىلىدۇ.)

## خوتەن ۋىلايەتلىك ئىسلام دىنى 2-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى ئېچىلدى

1998-يىل 2-ئاينىڭ 18-كۈنى خوتەن ۋىلايەتلىك ئىسلام دىنى 2-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى ئېچىلدى، يىغىنغا خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ھەرقايسى ناھىيە (شەھەر) لىرىدىن ۋە تۈمەن-مەيدانلىرىدىن كەلگەن 105 ۋەكىل قاتناشتى؛ خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى ياڭ جاۋجى، ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى جۇرئەت مەتىمىن، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى تۇرسۇنتوختى باست قاتارلىق رەھبەرلەرمۇ بۇ يىغىنغا ئالاھىدە قاتنىشىپ، ئايرىم-ئايرىم سۆز قىلدى. ۋىلايەتلىك مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى باشقارمىسى، ناھىيە (شەھەر) لىك بىرلىك سەپ بۆلۈمى، مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى ئىدارىلىرى ۋە ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ مەسئۇللىرىمۇ تەكلىپكە بىنائەن يىغىنغا قاتناشتى.

يىغىندا ئالدى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ تەبرىك خېتى ئوقۇپ ئۆتۈلدى. يولداش تۇرسۇنتوختى باست ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە مەمۇرىي مەھكىمىگە ۋاكالىتەن يىغىننى تەبرىكلىدى ۋە يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى 1-نۆۋەتلىك ھەيئىتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى ۋە ماقۇللاندى، شۇنداقلا ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسى ماقۇللاندى؛ يەنە ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى 2-نۆۋەتلىك ھەيئىتىنىڭ 43 نەپەر ھەيئەت ئەزاسى، 23 نەپەر دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى سايلاپ چىقىلدى. ئابدۇغېنى داموللا ھاجى ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسلىكىگە يەنە بىر قېتىم سايلاندى، ئىمىن ھاجى شەيخ، مۇكەررەمخان مەخسۇم ھاجى، ئابدۇكېرىم داموللا، ئابدۇلېتىپ داموللا، ئابدۇغوپۇر مەخسۇم ھاجى، مەمتىمىن مەخسۇملار مۇئاۋىن رەئىسلىككە، مەتقاسىم ئەكرەم باش كاتىپلىققا سايلاندى.

يىغىن ئاخىرىدا ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى 2-نۆۋەتلىك ھەيئىتىنىڭ 1-سانلىق يىغىنى ئېچىلىپ، نۆۋەتتە جىددىي ئىشلەشكە تېگىشلىك خىزمەت ۋەزىپىلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. مۇئاۋىن رەئىس ئىمىن ھاجى شەيخ يىغىندىن ۋۇجۇدقا كەلگەن رەھبەرلىك كوللېكتىپىغا ۋاكالىتەن ئىرادە بىلدۈردى.

(تۇرغۇن ئىمىن، سادىر تۇرسۇننىياز)

# ئاللاتائالانىڭ سوئال-سوراق قىلىش ئۇسۇلىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟

□ چېلك قالى

ئىسلام دىنى مۇكاپاتلاش ۋە جازالاشتا ئېنىق بولۇشنى تەشەببۇس قىلىدىغان دىن. شۇڭا ئۇ ياخشى ئىش قىلغانلارنى مۇكاپاتلاشنى، يامان ئىش قىلغانلارنى جازالاشنى تەكىتلەيدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلىدۇ: "**شۇ كۈندە ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرىنى پېچەتلىۋېتىمىز، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى قوللىرى بىزگە سۆزلەپ بېرىدۇ، پۇتلىرى گۇۋاھلىق بېرىدۇ (يەنى ھەر ئەزا ئۇنىڭدىن سادىر بولغان ئىشنى سۆزلەپ بېرىدۇ)**"(36-سۈرە «ياسىن»، 65-ئايەت).

بۇ ئايەتتە ئاللاتائالانىڭ سوئال-سوراق قىلىش ئۇسۇلى—دەۋاگەر بىلەن جاۋابكارنىڭ بىر گەۋدىلەندۈرۈلىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. ھازىرقى دۇنيادا، سوتچى جىنايەتچىنى سوتلىغاندا، جىنايەتچىنى ئۆزىنىڭ جىنايەت پاكىتلىرىنى ئېغىز ئارقىلىق ئىقرار قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، بەزى ئەللەردە يەنە جازا قورالى ئىشلىتىلىپ، قاتتىق جازا بىلەن قىستاپ ئىقرار قىلدۇرىدۇ، شۇڭا ناھەق، يالغان، خاتا دېلولاردىن خالىي بولالمايدۇ، ھالبۇكى، ئاللاتائالانىڭ سوئال-سوراق قىلىشى (سوتلىشى) بۇلارغا ئوخشىمايدۇ، ئاللاتائالا جىنايەتچىنىڭ بەدەن ئەزالىرىنى ئۆز جىنايىتىنى بايان قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. ئۆز ۋاقتىدا مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ ئىخلاسلىق ئىمانى بىلەن بۇ جەھەتتىكى ئايەت ۋە ھەدىسلەرنى قوبۇل قىلغانىدى. ئەمما ئىلىم-پەن يۈكسەك دەرىجىدە راۋاج تاپقان ھازىرقى كۈندە، كىشىلەر ھەر خىل جىسىملارنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئىقتىدارغا ئىگە ئىكەنلىكىنى بايقاپ، دېلو رازۋېدكا قىلىپ پاش قىلىشتا ماددىي ۋاسىتىلەرنى،

مەسىلەن، ئېلېكترونلۇق ئەسۋاب قاتارلىقلاردىن
پايدىلىنىش ۋاسىتىلىرىنى كەڭ كۆلەمد
قوللىنىۋاتىدۇ. ھازىرقى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن
ئېيتقاندا، ئىلىم-پەننىڭ راۋاج تېپىشى، ماددى
مەدەنىيلىكنىڭ يۈكسىلىشى ئۇلارنىڭ نامەلۇ
دۇنيانى بىلىشنى ۋە بىلىش يولىدا ئىزدىنىشىن
كەڭ زېمىن بىلەن تەمىنلىدى، بۇ ھال «قۇرئان
كەرىم»نىڭ مەزمۇن-مەنىسىگىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ
لېكىن بۇ يەردە ئالدى بىلەن جىسىمنىڭ بارلىق
كېلىشىدە رول ئوينىغان تۈنجى ئامىل قايسى
دېگەن بىر تونۇش مەسىلىسىگە دۇچ كېلىمىز. ب
مەسىلە ھەققىدە تۈرلۈك ئېقىملارنىڭ ئوخشاش
بولمىغان جاۋابلىرى بار. ئىسلام دىنىنىڭ
كۆرسىتىشىچە، جىسىمنىڭ بارلىققا كېلىشىدە رول
ئوينىغان ھەل قىلغۇچ ئامىل ماددىنى ياراتقۇچى—
ئاللادۇر، ماددا بىلەن روھنىڭ ھەر ئىككىلىس
مەخلۇقات (يارىتىلغۇچى) بولۇپ، شەيئىنىڭ
ئىچكى ۋە تاشقى ئىككى تەرىپىدىن ئىبارەت
"ماددا" يارىتىلغان بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ
ئىقتىدارىنى ياراتقۇچى ئىگەم ئاتا قىلغان. جىس
ئومۇميلىق ۋە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولىدۇ. ئۇنىڭ
ئومۇميلىقى شۇكى، جىسىملارنىڭ ھەممىس
ماكاندا (بوشلۇقتا) تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىك
شۇكى، جىسىملار ئۆز ئالدىغا خاسلىققا ئىگ
بولىدۇ. مەسىلەن، تۆمۈرنىڭ سوزۇلۇشچانلىقى
ئەينەكنىڭ چۈرۈكلۈكى قاتارلىقلار، بۇلارنىڭ
ھەممىسى ئاللاتائالانىڭ ياراتمىشى ۋە ئاتاسى
تەئەللۇق. شۇ سەۋەبتىن شۇنداق دېيىمىزكى
فىزىكىنىڭ مەنبەسىنى ئاللاتائالانىڭ جىم

مەۋجۇداتلارنى ياراتقانلىقىدىن ئىبارەت ئەسلى مەنبەسىدىن چۈشىنىشىمىز كېرەك، ئۇنداق بولمىغاندا، فىزىكىنى ئۆز جايىدا چۈشەندۈرەلمەي قالىمىز.

«قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەپ بېشارەت بېرىلگەن: **"بىز ئىنساننى شەك-شۈبھىسىز ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە ياراتتۇق"** (95-سۈرە «تىن»، 4-ئايەت). ئاللاتائالا ئىنساننى ياراتقاندا، ئىنسانغا ئەڭ چىرايلىق شەكىللەرنى -- پۇت-قوللارنى، تۈرلۈك ئۆگە-سۆڭەكلەرنى، كۆز، قۇلاق، ئېغىز، بۇرۇن ۋە باشقا ئەزالارنى ئاتا قىلىپ، ئۇلارنى ئۆزىگە خاس شەكىللەرگە ئىگە قىلغان ۋە ھەرقايسىسىغا ئۆزىگە خاس ئىقتىدار بەرگەن.

ئاللاتائالا كۆرۈش ئىقتىدارىنى كۆزگە ئاتا قىلغان، ئاڭلاش ئىقتىدارىنى قۇلاققا ئاتا قىلغان، پۇراش ئىقتىدارىنى بۇرۇنغا ئاتا قىلغان، تەم تېتىش ئىقتىدارىنى تىل جىسمىغا ئاتا قىلغان، سەزگۈ ئىقتىدارىنى تېرىگە ئاتا قىلغان، سۆزلەش ئىقتىدارىنى تىل ئېتىگە ئاتا قىلغان. ئاللاتائالا خالىغان ۋاقتىدا، بۇ ئەزالارنى ئىقتىدارىدىن مەھرۇم قىلالايدۇ، مەسىلەن، ئەمالارنىڭ كۆزى، گاسلارنىڭ قۇلىقى ئەنە شۇنداق بولغان.

ئەسلى مەنبە توغرىسىدا، «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلگەن: **"ھەممىدىن ئۈستۈن پەرۋەردىگارىڭنىڭ نامىنى پاك ئېتىقاد قىلغىن، ئۇ (پۈتۈن مەخلۇقاتنى) ياراتتى، ئۇلارنى بېجىرىم (يەنى چىرايلىق ۋە مۇناسىپ شەكىلدە) قىلدى. مەخلۇقاتقا پايدىلىق ئىشلارنى (تەقدىر قىلدى، ئۇلارغا پايدىلىنىش يوللىرىنى) كۆرسەتتى"** (87-سۈرە «ئەئلا»، 3-1-ئايەتلەر). بۇ ئايەتلەردە "يارىتىش" ۋە "كۆرسىتىش"تىن ئىبارەت ئىككى مەسىلە نۇقتىلىق بايان قىلىنغان. شۇنداق دېيىلگەنكى، ماددىنى ئاللاتائالا "ياراتقان"، ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ ئىقتىدارىنى ئاللاتائالا "كۆرسەتكەن"، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاتائالانىڭ ئىلكىدىكى ئىش بولۇپ، جىسمىدا ھەرگىز ئەزەلدىن بار ھالەت ئەمەس. تىل سۆزلىيەلەيدۇ، ئەمما سۆزلەش تىلدا ئەسلى بار ئىقتىدار ئەمەس، چۈنكى ئۇ بىر "ماددا"، "ماددا"دا روھىي ئىرادە بولمايدۇ. ئۇنىڭدىكى "ئىقتىدار"نى ياراتقۇچى ئىگەم ئاتا قىلغان، مەسىلەن، گاچىدا تىل بولسىمۇ سۆزلىيەلمەيدۇ، بۇ ئاللاتائالانىڭ بىر خىل يارىتىش قانۇنىيىتى، قىيامەت كۈنى ئاللاتائالانىڭ بەدەن ئەزالىرىنى سۆزلەشكە بۇيرۇيدىغانلىقى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن شەك-شۈبھىسىز. ئاللاتائالا ئۇ كۈنى قولنى ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادا قىلغان ئىشلىرىنى سۆزلەشكە بۇيرۇيدۇ؛ پۇتنى ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادا ماڭغان يوللىرىنى سۆزلەشكە بۇيرۇيدۇ؛ كۆزنى ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادا كۆرگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى سۆزلەشكە بۇيرۇيدۇ؛ قۇلاقنى ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادا ئاڭلىغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى سۆزلەشكە بۇيرۇيدۇ؛ بەدەندىكى ھەربىر ئەزانى ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەشكە بۇيرۇيدۇ؛ ياخشىلىقمۇ-يامانلىقمۇ بىر-بىرلەپ نەزەردىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئاندىن ئاللاتائالا ئۇلارنىڭ بايانىغا ۋە تارازىدىكى ئۆلچىمىگە قاراپ، مۇتلەق ئادىل ھۆكۈم چىقىرىدۇ.

ئاللاتائالا ئىنساننى ياراتقاندا، ئۇنىڭغا زور جاۋابكارلىق يۈكلىگەن بولۇپ، بىپايان زېمىندا ۋەكىلىي ئىدارە قىلغۇچى بولغان ئىنساننىڭ قولىغا ياخشى ئىشلارنى قىلىش بۇيرۇلغان، پۇتىغا توغرا يولدا مېڭىش بۇيرۇلغان، ناۋادا بۇلار ئاللاتائالانىڭ ئىلتىپاتىدىن قالايمىقان پايدىلىنىپ، تەتۈر يول تۇتسا، قىيامەت كۈنى جەزمەن جازاغا ئۇچرايدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەپ بېشارەت بېرىلگەن: **"ئۇ كۈندە ھېچبىر ئىنسانغا قىلچە زۇلۇم قىلىنمايدۇ، سىلەرگە پەقەت قىلمىشىڭلارغا يارىشا جازا بېرىلىدۇ"** (36-سۈرە «ياسىن»، 54-ئايەت).

# "ئەھكامۇل ئىمان" (ئىمان ھۆكۈمى) نىڭ دىنىي ئەھمىيىتى ۋە رېئال ئەھمىيىتى ئۈستىدە قىسقىچە مۇلاھىزە

لى خۇئمىڭ

ئىسلام دىنىدىكى "ئەھكامۇل ئىمان" ئېتىقاد يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان، مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى ۋە ئىجتىمائىي ھەرىكەتلىرىگە ئالاقىدار بىر قاتار ھەرىكەت ھۆكۈملىرى ۋە قائىدىلىرىدۇر.

"ئەھكامۇل ئىمان"نىڭ ئەرەب تىلىدىكى مەنىسى "ئىمان ھۆكۈمى" بولۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئېتىقاد پرىنسىپلىرىنىڭ روھىغا ئاساسەن مۇسۇلمانلارغا قارىتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئاگاھلاندۇرۇش تەلەپلىرىدۇر. بۇ تەلەپلەر مۇسۇلمانلارنىڭ ساپ ئىدىيە، ئېتىقادىنى چىڭىتىپلا قالماي، ئەينى دەۋردىكى ئەرەب مۇسۇلمان جەمئىيىتىنى باشقۇرۇشتىمۇ ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان؛ ھازىرقى دەۋردە مەملىكىتىمىزدىكى مۇسۇلمانلارغا قارىتا قانۇن-تۈزۈم تەربىيىسىنى كۈچەيتىشتىمۇ بەلگىلىك پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

## 1

"ئەھكامۇل ئىمان" ئىسلام شەرىئىتىنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكلىرىگە ئىگە، ئۇ ھەم مۇسۇلمانلارنىڭ ئېتىقاد مىزانى، ھەم مۇسۇلمانلار ھەرىكىتىنىڭ ئەندىزىلەشتۈرۈلۈشى بولۇپ، ئېتىقاد بىلەن ھەرىكەت بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇلغان بۇ قائىدىلەر مۆمىن مۇسۇلمانلارنىڭ ئەخلاق ۋە قانۇنىي مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلىشىغا تېخىمۇ پايدىلىق. "ئەھكامۇل ئىمان" ئالتە تۈرلۈك بەلگىلىمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

**1. بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ جېنىغا زامىن بولۇش قاتتىق مەنئى قىلىنىدۇ.** جاھىلىيەت دەۋرىدە ئادەم ئۆلتۈرۈش دېلولىرىنى ئاساسەن مۇنداق ئىككى ئامىل كەلتۈرۈپ چىقىراتتى: بىرىنچىدىن، ئەرەب مىللىتىدە ئۆز قېرىنداشلىرى ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىش ئېڭى ئەسلىدىنلا ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، ئۆز قەبىلىسىدىكى كىشىلەر باشقا قەبىلە كىشىلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندە، ئۇلار قاتىلدىن قان قەرزى ئېلىپلا قالماي، بەلكى قارشى قەبىلىدىكى بارلىق كىشىلەرنىمۇ دۈشمەن دەپ قاراپ، پۇرسەت تېپىپ ئۇلاردىن قىساس ئالاتتى؛ ئىككىنچىدىن، مال-مۈلۈك كويىدا ئادەم ئۆلتۈرۈش ياكى ئوچۇق-ئاشكارا قاراقچىلىق قىلىپ ئادەم ئۆلتۈرۈش ئەھۋالى مەۋجۇت ئىدى. شۇڭا، ئەينى ۋاقىتتا يۇقىرىقى بەلگىلىمىنى تەكىتلەش ئارقىلىق ھەر تۈرلۈك قاتىللىق دېلولىرىنىڭ سادىر بولۇشى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەنگەندى ھەم بىگۇناھ، ئاقكۆڭۈل كىشىلەر زىيانكەشلىككە ئۇچراشتىن ساقلىنىپ قالغانىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كىشىلەرنىڭ جىسمانىي بىخەتەرلىكى ۋە جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىشتىمۇ بۇ بەلگىلىمە مۇئەييەن دەرىجىدە ئاكتىپ رول ئوينىغانىدى.

**2. باشقىلارنىڭ مال-مۈلكىنى بۇلاش قاتتىق مەنئى قىلىنىدۇ.** تارىختا، ئەرەبلەر ئىچىدىكى بەدەۋىيلەردە سودا كارۋانلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنىڭ مال-بايلىقىنى بۇلىۋېلىشتەك ناچار ئادەت مەۋجۇت بولۇپ، جەمئىيەتكە ئىنتايىن ئېغىر زىيان سالغانىدى. ئىسلام دىنىنىڭ قارىشىچە، ئومۇمەن زورلۇق بىلەن باشقىلارنىڭ مال-مۈلكىنى تارتىۋېلىش قىلمىشلىرىنىڭ ھەممىسى بۇلاڭچىلىق جىنايىتى ھېسابلىنىپ قاتتىق جازالىنىدۇ. ئەمما

قەھەتچىلىك يۈز بەرگەن يىللاردا، ئاچارچىلىقتا بەرداشلىق بېرەلمىگەن كەمبەغەللەرنىڭ باي-تۆرىلەر ۋە جازانىخور سودىگەرلەرنىڭ قەبىھ بېسىمدارلىق قىلمىشلىرىغا قارىتا ئامالسىزلىقتىن ئۇلارنىڭ ئاشلىق ئامبارلىرىغا زورلۇق بىلەن بۆسۈپ كىرىپ، ئۇلارنىڭ ئاشلىقى بىلەن قەھەتچىلىك مەزگىلىنى ئۆتكۈزۈۋېلىشى بۇ ئەھكام دائىرىسىگە كىرمەيدۇ. چۈنكى، شەرىئەت بەلگىلىمىسى بويىچە، قەھەتچىلىك يىللىرىدا بايلارنىڭ كەمبەغەللەرنى يۆلەش مەجبۇرىيىتى بولۇپ، ئەگەر ئۇلار بۇ خىل مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشتىن باش تارتسا، كەمبەغەللەرنىڭ ئۆزىنىڭ ياشاش ھوقۇقىنى قوغداش ھوقۇقى بار دەپ بەلگىلەنگەن.

**3. كىشىلەرنى قۇل قىلىۋېلىش قاتتىق مەنئى قىلىنىدۇ.** بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئىجتىمائىي كىشىلىك ھوقۇقىنى قوغدايدىغان ئۇنۇملۇك تەدبىر. ئەينى ۋاقىتتا ئەرەب يېرىم ئارىلىدا كۆپلىگەن قۇللار بار ئىدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە كۆپ قىسمى ئەسىرلەر ئىدى، شۇنداقلا ئۆزلىرىنى ئامالسىزلىقتىن قۇللۇققا ساتقان ئاددىي پۇقرالارمۇ بار ئىدى. ئۇلار قۇلدارلار ئۈچۈن مال بېقىش، بىنەم يەرلەرنى ئېچىش، يەر تېرىش قاتارلىق ئېغىر جىسمانىي ئەمگەكلەرنى قىلىپ بېرەتتى؛ ئۇلار كىشىلىك ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم بولۇپ، دائىم تاۋار ئورنىدا ئېلىپ-سېتىلاتتى؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى جاپالىق بولۇپ، ئۇلاردا ھېچقانداق ياشاش ھوقۇقى يوق ئىدى، شۇ سەۋەبتىن ئەڭ دەسلەپتە ئىسلام دىنىغا كىرگەن كىشىلەرنىڭ كۆپچىلىكى مۇشۇنداق قۇللار ئىدى. ئىسلام دىنى بىر تەرەپتىن ياخشى پۇقرالارنى قۇل قىلىۋېلىشنى قاتتىق مەنئى قىلغان، يەنە بىر تەرەپتىن قۇللارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان ھەمدە قۇللارنى ئازاد قىلىشقا رىغبەتلەندۈرگەن.

**4. باشقىلارنىڭ نام-شۆھرىتىنى بۇلغاش قاتتىق مەنئى قىلىنىدۇ.** بۇ تۆھمەت قىلىش، زىيانكەشلىك قىلىش، زەربە بېرىش، ئۆچ ئېلىش قاتارلىق ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ، باشقىلارنىڭ نام-شۆھرىتىنى بۇلغايدىغان قىلمىشلارنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، ئىپپەتلىك ئاياللارغا زىنا قىلدى دەپ تۆھمەت قىلىش ياكى باشقىلارنىڭ ئار-نومۇسلۇق ئىشلىرى ۋە نۇقسانلىرى ھەققىدە ئاڭلىغانلىرىنى يىغىپ پىتنە قىلىپ تارقىتىش قاتارلىق باشقىلارنىڭ ئابرۇيىنى بۇلغاش ۋە ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرۈش قاتارلىق قىلمىشلارنىڭ ھەممىسى ئىسلام دىنىدا ئىتتىپاقلىقنى بۇزىدىغان، جەمئىيەتكە زىيان سالىدىغان ناچار خاھىش دەپ قارىلىپ قاتتىق ئەيىبلىنىدۇ ھەم قاتتىق مەنئى قىلىنىدۇ.

**5. باشقىلاردىن ئاساسسىز گۇمانلىنىش قاتتىق مەنئى قىلىنىدۇ.** بۇ بىرىنچىدىن، كىشىلىك تۇرمۇشتا باشقىلارغا مۇئامىلە قىلغاندا ھېچقانداق ئەمەلىي پاكىت بولمىغان ئاساستا ئۆز رايى بويىچىلا باشقىلاردىن گۇمانلىنىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ قىلمىش يامان نىيەتلىك كىشىلەر تەرىپىدىن ناھايىتى ئاسانلا پايدىلىنىپ كېتىلىپ، ئىختىلاپ كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، بالايى-ئاپەت تېرىيدۇ، تىنچ-مۇقىملىق ۋە ئىتتىپاقلىقنى بۇزىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، دېلولارنى بىر تەرەپ قىلغاندا پاكىتنى ئاساس قىلماستىن زورمۇزور چېتىپ قىلىنغان تەسەۋۋۇرغا تايىنىپ ھۆكۈم چىقىرىشنى كۆرسىتىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئىسلام دىنى مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن قارىسىغىلا ھۆكۈم چىقىرىش، قول ئۇچىدىلا دېلو ئىشلەپ قويۇش ئۇسلۇبىنى قاتتىق مەنئى قىلىپ، ناھەق، خاتا، ساختا دېلولارنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

**6. يولدىن ئازغانلارنى كەمسىتىش قاتتىق مەنئى قىلىنىدۇ.** ئىسلام دىنىدا ياش، ئۆسمۈر مۆمىنلەرنىڭ گۇناھ ئۆتكۈزۈشى يولدىن ئېزىش دەپ ھېسابلىنىپ، بۇ خىل بەندىلەر ئۆلگەندىن كېيىن دوزاختا مەڭگۈ قالدۇرۇلماستىن ئاخىر ئاللاتائالانىڭ مەغپىرىتىگە ئېرىشىپ، جەننەتكە كىرىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. بۇ خىل قاراش گۇناھكار مۆمىنلەرگە ياردەم بېرىپ، ئۇلارغا قايتىدىن ئادەم

بولۇش پۈرسىتىنى يارىتىپ بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنى گۇناھ قىلىشنىڭ زىيىنىنى تولۇق تونۇپ، ئاللاتائالاغا تەۋبە-ئىستىغپار قىلىپ مەغپىرەت تىلەشنى ئۆگىنىۋېلىشقا، قايتا گۇناھ ئۆتكۈزۈشتىن ساقلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

2

يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلارنى يىغىپ ئېيتقاندا، "ئەھكامۇل ئىمان"نىڭ دىنىي ئەھمىيىتىنى ھەمدە ئۇنىڭ ھەر تەرەپلىمە تۈزەشكە بولىدىغان قوشۇمچە رولىنى تەھلىل قىلىدىغان ۋە تونۇپ يېتىدىغان بولساق، ئۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئىجتىمائىي ئۈنۈملەر ھاسىل بولىدۇ:

**1. قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشقا پايدىلىق بولۇپ، كىشىلەرنىڭ قانۇن-تۈزۈم كۆز قارىشىنى ئۆستۈرىدۇ.** مىلادىيە 7-ئەسىرنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىن ئىلگىرى ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ئىجتىمائىي تەرتىپ ئىنتايىن قالايمىقان، ئەخلاق-پەزىلەت ناچار بولۇپ، قانداش تۇغقانلار قىساسى ئۈچۈن ئادەم ئۆلتۈرۈش، ئادەم ئۆلتۈرۈپ مال-مۈلۈك بۇلاش، جازانىخورلۇق ۋە قاقتى-سوقتى قىلىش، ئىپپەت-نومۇسنى سېتىش ۋە پاھىشىۋازلىق قىلىش، ھاراق ئىچىش ۋە قىمار ئويناش، يېتىم-يېسىرلارنىڭ مال-مۈلكىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش قاتارلىق قانۇنغا خىلاپ جىنايى قىلمىشلار پۈتكۈل جەمئىيەتنى قاپلاپ كەتكەنىدى، شۇڭا كىشىلەر تىنچ بىر ئىجتىمائىي مۇھىتقا تەشنا ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا جەمئىيەتنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ باش ۋەزىپىسى بولۇپ قالغانىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام «قۇرئان كەرىم» دىكى كۆرسەتمىلەرگە ئاساسلىنىپ، ئادەم ئۆلتۈرۈش، بۇلاڭچىلىق قىلىش قاتارلىق ئېغىر جىنايى ئىشلارنى قىلغانلارنى قاتتىق جازالىدى. ئەمما ئەينى ۋاقىتتا قانۇن-تۈزۈم ئەرەبلەرگە يات نەرسە بولۇپ، ئۇلار ئەزەلدىن ھېچقانداق تىزگىنلەشكە ئۇچراپ باقمىغانىدى، ئۇلارنىڭ ئۆز

بېشىمچىلىقى توساتتىن تىزگىنلەشكە ئۇچرىغاندا ئۇلار ئەۋلادتىن-ئەۋلاد ئولتۇراقلىشىپ كەلگەن ماكانلىرىنى تاشلاپ باشقا يۇرتقا كېتىشكە رازى ئىدىكى، باش ئېگىپ ئەمەل قىلىشقا رازى ئەمەس ئىدى، شۇ سەۋەبتىن قانۇننى كۆزگە ئىلمايدىغان ئۆزىنىڭ دېگىنىنى قىلىدىغان ئەرەبلەرنىڭ قانۇن خىلاپ جىنايەتلىرى ئۈزۈلمەي كۆرۈلۈپ تۇراتتى "ئەھكامۇل ئىمان" دەل ئۇلارنىڭ ئاشۇنداق كو كۆز قاراشلىرىنى ئۆزگەرتىشكە ياردەم بېرىپ، ئۇلار ھاياتقا نىسبەتەن يېڭى كۆز قاراش پەيدا قىلدى "ئەھكامۇل ئىمان"نىڭ ئەسلى تېكىستىنى سۆز-جۈملىلىرى ئاددىي، مەزمۇنى ئېنىق، ئاممىباپ چۈشىنىشلىك بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ دىنى ئەقىدە، ئېتىقادلارنى تەشۋىق قىلىش ئومۇملاشتۇرۇش جەھەتتە ياش-ئۆسمۈرل ئۆگىنىدىغان ئوقۇشلۇق بولغاچقا، ئۇنىڭدى چوڭ-كىچىك ھەممە ئادەم خەۋەردار بولدى. ئۇ نۆۋەتتە بۇ يەنە كىشىلەرنى كىچىكىدىن باشلاپ ئىمان ھۆكۈمى جەھەتتە بىرقەدەر ئېنى چۈشەنچىگە ئىگە قىلىپ، جىنايەت ئۆتكۈزۈشنى ئالدىنى ئېلىش جەھەتتە ئاز ئەجىر بىلەن كۆ ئۈنۈم ھاسىل قىلىشتەك ئىجتىمائىي ئۈنۈم پەي قىلدى.

**2. مۇسۇلمانلاردا ئاللانىڭ قانۇنىنى ئىج قىلىش ئاڭلىقلىقىنى يېتىلدۈرۈپ، جىناي قىلمىشلارنى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەيدۇ.** "شەرىئەت خاراكتېرىگە ئىگە بولغان "ئەھكامۇل ئىمان مۇسۇلمانلارنىڭ ئىجتىمائىي ھەرىكىتىن قېلىپلاشتۇرىدىغان مىزان ۋە جەمئىيەتنىڭ نورما تەرتىپىنى قوغدايدىغان قانۇنىي ئۆلچەم سۈپىتىد مۇسۇلمانلارنىڭ ئېتىقادىنى مۇستەھكەملەش ۋ جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەرنى جازالاش جەھەت تېگىشلىك رول ئوينىدى. ئۇ "ئىما ئاگاھلاندۇرۇشى"نى تۈپ پرىنسىپ قىلغان بولۇپ دەۋرىمىزدىكى "سىياسىي ئىدىيە تەربىيىسى" ناھايىتى ئوخشاپ كېتىدۇ؛ ئوخشىمايدىغان يېر شۇكى، ئۇنىڭدا ئاخىرەت جازاسى كۆز قارىش

ئاساسىدىكى تەربىيگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلىپ، ئەگەر جىنايى قىلمىش ئۆتكۈزگۈچى ئىماندىن ئاجرايدىكەن مەڭگۈ دوزاخقا قالدۇرۇلىدۇ دېگەن كۆز قاراش تەكىتلىنىدۇ، بۇ كۆز قاراش قۇدرەتلىك روھىي قورقۇنچ كۈچى پەيدا قىلىپ، مۇسۇلمانلارنى بۇ ئالەمدىكى شەخسىي مەنپەئەتنى دەپ تەۋەككۈلچىلىك يولىغا مېڭىپ، ئىماننى يوقىتىپ قويۇش گىرداۋىغا بېرىپ قېلىشتىن ساقلايدۇ. گەرچە ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر ھازىر "شەرىئەت قانۇنى"نى يۈرگۈزمىسىمۇ، ئەمما "ئەھكامۇل ئىمان"نىڭ ئۇلارغا كۆرسەتكەن غايەت زور تەسىرى قانۇننىڭ ئەسلىدىكى تىزگىنلەش كۈچىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتكەن، "ئۆزىنى تۇتۇپ ئەدەبكە قايتىش، قانۇن-ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش" ئاللىقاچان ئۇلارنىڭ ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ۋارىسلىق قىلىپ كەلگەن ئاڭلىق پائالىيىتىگە ئايلانغان، مانا بۇ تەقۋادار مۇسۇلمانلارنىڭ قانۇنغا خىلاپ جىنايى قىلمىشلارنى ناھايىتى ئاز سادىر قىلىدىغان ياكى ئەزەلدىن سادىر قىلمايدىغانلىقىنىڭ تۈپ سەۋەبى، شۇنداقلا "ئەھكامۇل ئىمان"نىڭ ئەڭ مۇھىم روللىرىدىن بىرى.

جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىنىڭ روھىي ھالىتىنى كۆزىتىدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ ئىچىدە قانۇندىن ساۋاتى يوق ئاز ساندىكىلىرىدىن باشقىلىرىنىڭ كۆپچىلىكىدە تاسادىپىي قۇتۇلۇپ قېلىشنى ئويلاشتەك تەلەي سىناش پسىخىكىسى بولىدۇ، ئۇلار دېلو سادىر قىلغاندىن كېيىنكى ئاقىۋەتنى ئويلاشمايدۇ، يەنى ئۇلاردا ئاخىرەت جازاسىغا ئۇچراش كۆز قارىشى قىلچىلىكمۇ بولمايدۇ. "ئەھكامۇل ئىمان" بولسا، دەل ئاشۇنداق جىنايەت سادىر قىلىش غەرىزىنى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەپ، جىنايى قىلمىشلارنى بۆشۈكىدىلا تۇنجۇقتۇرالايدۇ.

**3. "ئەھكامۇل ئىمان" قانۇن ئالدىدا ھەممە كىشى باراۋەر دېگەن پرىنسىپنى تولۇق گەۋدىلەندۈرىدۇ.** ئىسلام دىنىنىڭ قارىشىچە، ئىنسانلار مەيلى ئىرق جەھەتتىن پەرقلەنسۇن، مەيلى باي-كەمبەغەل، مەرتىۋىلىك-مەرتىۋىسىز بولسۇن، ھەممىسىلا ئاللاتائالانىڭ بەندىسى بولۇپ، قانۇن ئالدىدا بىردەك باراۋەر، كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەگەر ئۇ قانۇنغا خىلاپلىقلا قىلىدىكەن، مۇقەررەر ھالدا قانۇننىڭ جازاسىغا ئۇچرايدۇ، شەخسىي غەرەز بىلەن كۆز بويامچىلىق قىلىدىغان، پارا يەپ قانۇننى بۇزىدىغان، مەرتىۋىلىكلەرگە جازانىڭ كۈچى يەتمەي قالىدىغان ئەھۋاللارنىڭ سادىر بولۇشىغا قەتئىي يول قويۇلمايدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، مەھزۇر قەبىلىسىدىن بولغان بىر باي ئايال ئوغرىلىق قىلىپ تۇتۇلۇپ قالغان، قۇرەيش قەبىلىسىدىكى كىشىلەر ئىناۋىتىنىڭ تۆكۈلۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ئۇ ئايالغا شاپائەت قىلىشنى تىلىگەندە ۋە بۇ دېلونىڭ كەڭچىلىك بىلەن بىر تەرەپ بولۇشىنى ئۈمىد قىلىشقاندا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: "ئى ئىنسانلار! سىلەر ئاللانىڭ قانۇنى ئالدىدىمۇ شاپائەت تىلەمسىلەر؟ بىلىشىڭلار كېرەككى، ئاللانىڭ سىلەردىن بۇرۇنقى قەۋملەرنى ھالاك قىلىۋېتىشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بايلار ئوغرىلىق قىلغاندا ئۇلار ئۇنىڭغا مادارا قىلغان؛ ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كەمبەغەللەر ئوغرىلىق قىلغاندا ئۇلار ئۇنى جازالىغان. ئاللانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئەگەر مۇھەممەدنىڭ قىزى فاتىمە ئوغرىلىق قىلسا، مەن ئۇنىڭمۇ قولىنى كېسىمەن" دېگەن. مانا مۇشۇنداق قاتتىق قانۇن-تۈزۈم ھەقىقەتەن قانۇنى ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ جەمئىيەتنى تۈزەشنىڭ كۈچلۈك كاپالىتى بولغان.

**4. جەمئىيەتنى ئۈنۈملۈك تۈزەش ئۈنۈمىگىمۇ ئىگە.** "ئەھكامۇل ئىمان"نىڭ جەمئىيەتنى تۈزەش جەھەتتە ناھايىتى زور قوشۇمچە رولى بولۇپ، ھازىرقى دەۋردە يەنىلا ئىسلام شەرىئەت قانۇنىنى يۈرگۈزۈۋاتقان دۆلەتلەردىكى جەمئىيەت ئامانلىق ئەھۋالى بۇنى ناھايىتى ياخشى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مەسىلەن، بىر قىسىم ئەرەب ئىسلام دۆلەتلىرىدە جەمئىيەت تەرتىپى بىرقەدەر

ياخشى، كىشىلەرنىڭ ئەخلاق-پەزىلەت سەۋىيىسى بىرقەدەر يۇقىرى بولۇپ، قانۇن-ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش ئومۇمىي كەيپىياتقا ئايلانغان. ئالدىنقى بىر نەچچە يىللاردىكى گېزىت مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، مەملىكىتىمىزدىكى تاجىكلار رايونىنىڭ ئەھۋالىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىكەن، ئۇ يەردە جىنايى ئىشلار دېلولىرى بىرقەدەر ئاز سادىر بولىدىكەن. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەھلىل قىلىشىچە، بۇنداق بولۇشى شۇ يەردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىقى، "ئەھكامۇل ئىمان"غا ئىتائەت قىلىدىغانلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەن.

نۆۋەتتە مەملىكىتىمىزدىكى قانۇن-تۈزۈملەر دۇچ كېلىۋاتقان ئەمەلىي مەسىلە شۇكى، بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئاز ساندىكى قانۇنسىز ئۇنسۇرلار ئۆزلىرىنىڭ كۈنسېرى يوغىناۋاتقان ماددىي نەپسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن بارلىق ئاماللار بىلەن قانۇنغا خىلاپ جىناي ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ ھەم ھەر خىل جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى سادىر قىلىۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنى تۈزەشتە دىنىي سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ماسلىشىش ئاكتىپ يېتەكلەپ، دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك قانۇنىنىڭ غايەت زور كۈچ-قۇدرىتىنى نامايان قىلىپ، جىنايەتچىلەرنى قاتتىق جازالاپ ئىقتىسادىي يۈكسىلىشنى جەمئىيەت ئامانلىقى كاپالەتكە ئىگە قىلىش، شۈبھىسىزكى پايدىلىق بولۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ.

(تەرجىمە قىلغۇچى: قەيسەر قۇربان
تەرجىمە تەھرىرى: شەمشىدىن ھاجى)

# تاۋار سودىسى جەريانىدىكى ئىسلام پرىنسىپى ھەققىدە مۇلاھىزە

چېن جۈن

ئىسلام دىنى كىشىلەرنى ئىجتىمائىيلىققا ئىگە سودا-تىجارەت پائالىيىتىنى قانۇنسىز (ھارام) يول بىلەن ئەمەس، بەلكى قانۇنلۇق (ھالال) يول بىلەن پائال يۈرگۈزۈپ، پايدىغا ئىگە بولۇش بىلەن بىللە يەنە شۇ پايدىنى ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش، ئىگىلىكنى گۈللەندۇرۇشكە سەرپ قىلىشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ. ئاللاتائالا «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دېگەن: **"ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندا (يەنى نامازدىن پارىغ بولغىنىڭلاردىن كېيىن) زېمىنغا تارىلىپ (يەنى ئۆز مەشغۇلاتىڭلار بىلەن بولۇپ)، ئاللانىڭ پەزلىدىن تەلەپ قىلىڭلار، مەقسىتىڭلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئاللانى كۆپ ياد ئېتىڭلار"** (62-سۈرە «جۇمۇئە»، 10-ئايەت). بۇ ئايەتتىكى "سىلەر ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندا، زېمىنغا تارىلىپ، ئاللانىڭ پەزلىدىن تەلەپ قىلىڭلار" دېگەن بېشارەت بىزنى ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت ساھەسىنى ئاكتىپ ئېچىشىمىزغا، ئادىللىق بىلەن تاۋار سودىسى قىلىشىمىزغا، ئاندىن ئۇنىڭدىن ئاللاتائالانىڭ بىزگە ئاتا قىلغان پەزلىگە ئېرىشىشىمىزگە ئىلھاملاندۇرىدۇ. مانا بۇ بىزدىن قانۇنىي يول بىلەن تىرىشىپ ئىشلەپ باي بولۇشنى ھەمدە ھالال بايلىققا تايىنىپ ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشنى، تۇرمۇشنى ياخشىلاشنى ھەمدە كەمبەغەللەرگە سەدىقە بېرىشنى، شۇنداقلا ئىسلامىيەتنىڭ جامائەت مۇلازىمەت ئىشلىرى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئېلىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى ئىچىدە تاۋار سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلار بارغانسېرى كۆپەيمەكتە، لېكىن قانداق قىلغاندا تاۋار

سودىسىدا ئىسلامنىڭ تىجارەت پرىنسىپىدا چەك تۇرغىلى بولىدۇ؟ قانداق قىلغاندا تاۋار سودىسىدا پايدىنى ھالال قىلغىلى بولىدۇ؟ بۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاتائالانىڭ «قۇرئان كەرىم»دە بىزگە بەرگەن مۇنۇ تەلىماتلىرىنى ئېسىمىزدە مەھكەم تۇتۇشىمىز زۆرۈر: **"ئۆلچەمنى تولدۇرۇپ بېرىڭلار، كەم بەرگۈچىلەردىن بولماڭلار. (نەرسىلەرنى) توغرا تارازىدا تارتىڭلار، كىشىلەرگە نەرسىلەرنى (يەنى قايسى يول بىلەن بولمىسۇن، كىشىلەرنىڭ ھەقلىرىنى) كەم بەرمەڭلار، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ پىتنە-پاسات تېرىماڭلار"** (26-سۈرە «شۇئەرا»، 189—183-ئايەتلەر). **"ئۆلچەمنى ۋە تارازىنى توغرا قىلىڭلار، ھېچ-قانداق ئادەمنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايمىز"** (6-سۈرە «ئەنئام»، 152-ئا-يەت). **"سىلەر (باشقىلارغا ئاشلىق قاتارلىقلارنى) ئۆلچەپ بەرگەندە، تولۇق ئۆلچەڭلار ۋە توغرا تارازىدا تارتىپ بېرىڭلار، بۇنداق قىلىش (سىلەرگە دۇنيادا) ياخشىدۇر، ئاخىرەتلىكىڭلار ئۈچۈن تېخىمۇ ئوبداندۇر"** (17-سۈرە «بەنى ئىسرائىل»، 35-ئايەت). يۇقىرىقى ئايەتلەردە تاۋار سودىسىدىكى نېگىزلىك پرىنسىپلار، يەنى كىشىلەرگە سادىق بولۇش، سودىدا ئادىل بولۇش، تارازىدا قىسۋالماسلىق، باشقىلارنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزمەسلىك، بازاردا ساختىپەز ۋە زومىگەر بولۇۋالماسلىق، بازارنى چاڭگىلىغا ئېلىۋالماسلىق، بېسىمدارلىق قىلماسلىق، مال باھاسىنى ئۆز مەيلىچە ئۆستۈرمەسلىك، ناچار مالنى ئېسىل مال قىلىپ كۆرسەتمەسلىك، بازارنى قالايمىقان قىلماسلىق قاتارلىقلار ئېنىق بەلگىلەنگەن، كىمكى يۇقىرىقى پرىنسىپلارغا خىلاپلىق قىلسا، «قۇرئان كەرىم» تەلىماتىغا خىلاپلىق قىلغان بولىدۇ.

مۇسۇلمانلار "كىچىككىنە ياخشى ئىشنىمۇ قىلماي قويماسلىق، كىچىككىنە يامان ئىشنىمۇ قىلىپ قويماسلىق" دېگەن سۆزنى ئېسىدە مەھكەم تۇتۇشى كېرەك، تاۋار سودىسىدا تارازىدا كەم بېرىشنى كىچىك ئىش دەپ قارىماسلىق كېرەك، چۈنكى ئۇ بىر ئادەمنىڭ ئەخلاق-پەزىلىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بەزىدە ئالغۇچى بىلەن ساتقۇچى ئارىسىدا ئۆلچەمدە كەم بولۇش سەۋەبى بىلەن ماجىرا تۇغۇلىدىغان، ھەتتا ئىككى تەرەپ ئۇرۇشۇپ قېلىپ بازارنىڭ نورمال تەرتىپىگە دەخلى يەتكۈزىدىغان، جەمئىيەتنىڭ تىنچلىقىنى بۇزىدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭا ھەربىر تىجارەتچى ئۆزىنىڭ سودا-تىجارىتىدىكى ئىش-ھەرىكىتىنى كونترول قىلىپ تۇرۇشى، ئۆز نەپسىنى دەپ كىشىلەرنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان ئىشلارنى قىلماسلىقى، ھارام بايلىققا ھەرگىز بېرىلمەسلىكى، ھارامنى ئۆزىگە يۇقتۇرماي ئۆزىنى پاكلاپ تۇرۇشى، ئاللاتائالانىڭ تەلىمىنى ھەر ۋاقىت ئەستە تۇتۇشى لازىم. يىراق ئەرەب دىيارىدىن جۇڭگونىڭ ئىچكى رايونلىرىغا كەلگەن دەسلەپكى مۇسۇلمانلار مىڭبىر جاپا-مۇشەققەتلەرنى چېكىپ سودا-تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان ھەمدە جۇڭگودا يىلتىز تارتىپ، ئىسلام دىنىنى جۇڭگوغا تارقاتقان. ئۇلار بۇنىڭدا نېمىگە تايانغان؟ ئاللاتائالا ئۆزلىرىگە ئاتا قىلغان ئەقىل-پاراسەتكە تايانغان، «قۇرئان كەرىم»نىڭ سەممىي تەلىمگە ئەمەل قىلىپ، ئېلىش-سېتىشتا ئادىل بولۇشقا ھەم كىشىلەرگە سادىق بولۇشقا تايانغان. ئويلاپ كۆرەيلى، ئۇلار مۇبادا ئالدامچىلار، كىشىلەرگە زىيان يەتكۈزىدىغان مەككار سودىگەرلەر بولغان بولسا، جۇڭگودا جان باقالامتى؟ پەلەككە تاقىشىدىغان ئىسلام چىنارلىرىنى يىلتىز تارتقۇزالامتى؟ ياق، ھەرگىز ئۇنداق قىلالمايتتى. شۇڭا بىز ئەينى ۋاقىتتىكى شۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلامىي ئەخلاق-پەزىلىتىنى ئۈلگە قىلىپ، ئۆزىمىزنىڭ ئېسىل-ئەنئەنىلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئادىللىق، سەممىيلىك بىلەن سودا قىلىشىمىز كېرەك.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەنىدى: "سەممىي سودىگەرلەرنىڭ مەرتىۋىسى پەيغەمبەرلەر بىلەن، شېھىتلار بىلەن ئوخشاش بولىدۇ". يەنە مۇنداق دېگەن: "سەممىي سودىگەرلەر ئاللا تەختىنىڭ سايىسى ئاستىدا ياشايدۇ"، "ئادىللىق

ئىمان جۇملىسىدىندۇر». كىممۇ پەيغەمبەرلەر بىلەن ئوخشاش مەرتىۋىلىك بولۇشنى خالىمايدۇ؟

ئىسلام دىنى سودىدا ناچار مالنى ياخشى دەپ كۆرسىتىشكە، ساختا مالنى راست دەپ كۆرسىتىشكە قارشى تۇرىدۇ، مالنى سېتىش ئۈچۈن كەلسە-كەلمەس قەسەم ئىچىشكە تېخىمۇ قارشى تۇرىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قەسەم ئىچىش ئارقىلىق مال سېتىلسىمۇ، لېكىن بەرىكەت يوقايدۇ». ئىسلام دىنىنىڭ ساختا مالنى راست مال دېيىشكە قارشى تۇرۇش تەشەببۇسى ھازىرقى جەمئىيىتىمىزدىكى ساختا ماللارغا زەربە بېرىش ھەرىكىتىگىمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ. ھازىرقى جەمئىيىتىمىزدە بىر قىسىم كىشىلەر پايدىغا بەك بېرىلىپ كېتىپ، ساختا ماللارنى كۆپلەپ ئىشلەپچىقىرىپ ۋە سېتىپ، دۆلەت ۋە خەلقنىڭ مەنپەئىتىگە ئېغىر زىيان يەتكۈزۈۋاتىدۇ، دۆلەت ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنىڭ نورمال ئېلىپ بېرىلىشىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىۋاتىدۇ، بۇنىڭ زىيىنى ناھايىتى چوڭ، ئىسلام دىنى ئەقىدىسى بۇنداق قانۇنسىزلىقلارغا قەتئىي قارشى تۇرىدۇ.

ھەممىگە ئايانكى، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇشتىن ئاۋۋاللا سەممىي بىر سودىگەر ئىدى، ئۇنىڭ ئاشۇ سادىق-سەمىمىيلىكى، ئادىل-ئىشەنچلىكلىكى نۇرغۇن ئەرەب خەلقىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېگە بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنى يېقىن كۆرۈپ «ئەمىن» يەنى «سەممىي، ئىشەنچلىك ئادەم» دەپ ئاتاشقان. بۇ ھال كېيىن ئۇنىڭ ئىسلام دىنىنى تارقىتىشىغا مەزمۇت ئاممىۋى ئاساس بولغان، ئۇ نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن. بىز ئاخىرەتتە پەيغەمبىرىمىزنىڭ شاپائىتىگە ئېرىشىشىمىز ئۈچۈن پەيغەمبىرىمىزنى ئۈلگە قىلىپ، ئاشۇنداق ئېسىل پەزىلەتنى جارى قىلدۇرۇشىمىز كېرەك.

دەرۋەقە، كىشىلەرگە سەممىي، سودىدا ئادىل بولغىنىمىزدا ئېرىشىدىغان پايدىمىز ئازراق بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، لېكىن بۇ ھالال بايلىق، بىز مۇشۇ پاك بايلىقنى ھەق يولغا سەرپ قىلىپ، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق مۇلازىمىتىگە ئىشلەتسەك ئاندىن ئۇنى ئاللا قوبۇل قىلىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلگەن: «ئى ئىنسانلار! يەر يۈزىدىكى ھالال-پاكىز نەرسىلەردىن يەڭلار، شەيتاننىڭ يوللىرىغا ئەگەشمەڭلار، چۈنكى شەيتان سىلەرگە ئوچۇق دۈشمەندۇر» (2-سۈرە «بەقەرە»، 168-ئايەت). «(ئۆلچەمدە ۋە تارازىدا) كەم بەرگۈچىلەرگە ۋاي! ئۇلار كىشىلەردىن ئۆلچەپ ئالغان چاغدا، تولۇق ئالىدۇ، كىشىلەرگە ئۆلچەپ ياكى تارتىپ بەرگەن چاغدا كەم بېرىدۇ. ئۇلار بۈيۈك بىر كۈندە تىرىلدۈرۈلىدىغانلىقىغا ئىشەنمەمدۇ؟ ئۇ كۈندە ئىنسانلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ ھۇزۇرىدا تىك تۇرىدۇ» (83-سۈرە «مۇتەففىفىن»، 1—6 ئايەتلەر). مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاممۇ مۇنداق دېگەنىدى: «بىر كاپام ھارام تائام يېگەن كىشىنىڭ نامىزى ۋە باشقا ئىبادەتلىرىنى ئاللا قىرىق يىلغىچە ئېتىراپ قىلمايدۇ».

جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقى ۋە ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتى كىشىلەرنىڭ سودا تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىشى ئۈچۈن كەڭ يول ئېچىپ بەردى ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە كاپالەتلىك قىلدى. بولۇپمۇ مۇشۇنداق مەزگىلدە ھەربىر مۇسۇلمان دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك قانۇن-نىزاملىرىدا تېخىمۇ چىڭ تۇرۇپ ئىش قىلىشى، كاللىسىنى سەگەك تۇتۇشى، بۇ دۇنيادىكى ۋاقىتلىق ۋە ئازغىنا مەنپەئەتنى دەپ، ئۇ دۇنيالىق مەڭگۈلۈك ۋە مول ئىلتىپاتتىن مەھرۇم قالماسلىقى لازىم. تاۋار سودىسى پائالىيىتىدە سەممىي، ئادىل بولۇشتا چىڭ تۇرۇش، كۆز بوياماچىلىق قىلماسلىق، دەل ھازىرقى جەمئىيىتىمىزدىكى ماددىي مەدەنىيلىك ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ بىر قىسمىدۇر. بىز «قۇرئان كەرىم» ئارغامچىسىغا چىڭ ئېسىلىپ، ئىككى دۇنيالىق بەختكە ئېرىشىشىمىز ئۈچۈن تىرىشىپ كۆرەش قىلىشىمىز، دۆلەت ۋە مىللەتكە بىر كىشىلىك تۆھپە قوشۇشىمىز كېرەك.

(تەرجىمە قىلغۇچى: غوپۇرجان ئابدۇرەھىم
تەرجىمە تەھرىرى: شەمشىدىن ھاجى)

# خۇراپاتلىقنىڭ زىيىنى

□ نۇرمەھەممەد ھەسەن

ناھايىتى مېھرىبان ۋە شەپقەتلىك ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

ئىلىم-پەن ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە مىللىتىمىز ئىچىدىكى بەزى كىشىلەر تەرەققىياتقا ئىنتىلمەي، يەنىلا ئۆزى بىلگەن سەنەمگە دەسسەپ، ئۆزىنىڭ ھەم مىللەتنىڭ ساپاسىنىڭ ئۆسۈشىگە يامان تەسىر كۆرسىتىۋاتقىنىنى ئاز دەپ، يەنە بەزى يامان ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا. ئۇلارنىڭ قاتمال ئېڭىغا ئۆرپ-ئادەت تۇسىنى ئالغان، ئىبادەت دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەن بىر خىل قالاق ئىدىيە ۋە خاتا كۆز قاراش سىڭىپ كەتكەن، ئۇ بولسىمۇ خۇراپاتلىقتۇر. مەن تۆۋەندە خۇراپاتلىق ۋە ئۇنىڭ زىيىنى توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىمەن.

مىللىتىمىز ئىچىدە ئاساسلىقى سېھىرگەر، رەممال، پالچىلارنىڭ ئىش ۋە سۆز-ھەرىكەتلىرىگە ئىشىنىش، ئاغرىپ قالسا دوختۇرغا كۆرۈنمەي داخان، پېرىخۇن، باخشىلارغا كۆرۈنۈش، مازارلارنى تاۋاپ قىلىپ، مازارلارغا چوقۇنۇپ، مازار-ماشايىخلاردىن گۇناھىنى تىلەش ھەم ئۇلاردىن مەدەت تىلەش، چارشەنبە كۈنى كەچتە بېشىدىن ئوت ئۆرۈش، ئەخلەت تېرىپ ئىسرىق سېلىش قاتارلىقلار خۇراپاتلىقنىڭ ئالامەتلىرى ھېسابلىنىدۇ.

ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ بىلىدىغان ھەرقانداق بىر كىشى ئۇچۇن ئېيتقاندا، خۇراپاتلىققا چوقۇنۇش، يول قويۇش شۇ كىشىنىڭ ئىمانىغا بېرىپ تاقىلىدىغان مەسىلە بولۇپ، ئۇ كىشى ھەقىقەتەن بۇ دۇنيادىمۇ، ئاخىرەتتىمۇ ياخشى ئاقىۋەت كۆرمەيدۇ.

دۇئانى ئاللاتائالاغا قىلىش كېرەك، ئاللاتائالا خالىسا دۇئانى ئىجابەت قىلىدۇ، شىپانىمۇ ئاللاتائالا ئۆزى بېرىدۇ. كىمكى ئاللاتائالادىن غەيرىيدىن مەدەت تىلەپ، ئۇنىڭدىن ياردەم سورىسا ئاللاغا شېرىك كەلتۈرگەن بولۇپ، بۇ گۇناھىغا ھەر ئىككى دۇنيادا يامان ئاقىۋەتكە قالىدۇ. ئاللاتائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: (”**ئى مۇشرىكلار!) ھەقىقەتەن سىلەر ئاللانى قويۇپ ئىبادەت قىلغان نەرسىلەر بىلەن دوزاخقا يېقىلغۇ بولىسىلەر، سىلەر دوزاخقا كىرىسىلەر**“ (21-سۈرە «ئەنبىيا»، 98-ئايەت). مانا بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنىدىن كىشىلەرنى ئالدايدىغان رەممال-پالچىلار بولسۇن، باخشى-داخانلار بولسۇن، ياكى ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى تەستىقلاپ، ئۇنىڭغا ئىشەنگۈچىلەر ۋە ئەگەشكۈچىلەر بولسۇن ھەرقايسىسىنىڭ ئوخشاشلا ھەر ئىككى دۇنيادا ئېغىر ئازابقا دۇچار بولىدىغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

ھازىر بەزىلەر ئاياللىرى، بالىلىرى ئاغرىپ قالسا دوختۇرغا كۆرسەتمەي، رەمچى-باخشىلارغا كۆرسىتىپ ئۇلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ كېتىۋاتىدۇ. يەنە بەزىلەر مازارلارغا بېرىپ كېسەلنىڭ شىپا تېپىشىنى تىلەپ دۇئا قىلىۋاتىدۇ، ئاقىۋەتتە ئادەتتىكى بىر كېسەل شۇ جەرياندا ئۆلۈم گىرداۋىغا بېرىپ قېلىۋاتىدۇ.

خۇراپاتلىق يەنە كەڭ مۇسۇلمان ئامما ئارىسىدا زىددىيەت پەيدا قىلىپ، ئىتتىپاقلىققا ئېغىر تەسىر يەتكۈزۈۋاتىدۇ. بۇ ھەقتە ئاددىي بىر مىسال ئېلىپ ئۆتەي: ئىككى يىل ئىلگىرى بىر دوستۇم ئۆز مەھەللىسىدىن ئۆيلەنگەن بولۇپ، بىر مەزگىلدىن كېيىن ئايالىنى قويۇۋېتىپ، قوشنا يېزىدىن ئۆيلەندى. توي بولۇپ كېلىن يۆتكەپ كېلىنگەندە دوستۇمنىڭ بۇرۇنقى ئايالى ئۆيىدىن بىر چېلەك سۇ ئېلىپ چىقىپ يولغا سەپكەن، يىگىت

تەرەپتىكىلەر بۇنى بىلىپ قېلىپ، ئۇ خوتۇن بۇنى قەستەن قىلدى، چۈنكى ئۇتتىن ئاتلاش قىز-يىگىت ئارىسىغا مېھرىبانلىق سالاتتى، ئەمدى بۇ سوغۇق سۇ سېپىش بولسا قىز-يىگىت ئارىسىغا سوغۇقچىلىق سالىدۇ، دەپ شۇ خۇراپىي كۆز قاراشنىڭ قايمۇقتۇرۇشى بىلەن ئۇ ئايالنىڭ ئۆيىدىكىلەر بىلەن ئۇرۇشقان، شۇ جەرياندا بىرقانچە كىشى يارىلانغان. كېيىن يىگىتنىڭ ئاتا-ئانىسى يېڭى كېلىننىڭ ئايىغى راستىنلا ياراشمىدى دەپ يۇرۇپ، ئۇ ئىككىيلەننى ئاجراشتۇرۇۋەتكەن. مانا بۇ خۇراپىي كۆز قاراش پەيدا قىلغان يامان ئاقىۋەت ۋە زىياندۇر.

خۇراپاتلىق ئىسلام ئەقىدىسىگە يات، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا چوڭ توسالغۇ بولۇپ، مەيلى خۇراپاتلىققا چوقۇنغۇچى، ئىشەنگۈچى، ئەگەشكۈچى بولسۇن ياكى خۇراپىي ئىش-ھەرىكەتلەرنى قىلغۇچى ھەم ئۇنى تەشۋىق قىلغۇچى بولسۇن كەڭ مۇسۇلمان ئاممىنىڭ تىنچلىقى ۋە تەرەققىياتىغا زور زىيان سالماي قالمايدۇ، نەتىجىدە ئۇ ھەتتا دۆلەت قانۇنى بىر تەرەپ قىلىدىغان جىنايى مەسىلىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ.

شەك-شۈبھىسىزكى، خۇراپاتلىق ئاللاتائالا ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ يوليورۇقى بويىچە ئىش قىلمىغانلىق بولۇپ، خۇراپاتلىق پاتقىقىغا پاتقانلار ئاللاتائالا ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەمرىدىن چىققانلار، توغرا يولدىن چەتنىگەنلەر، يەنى گۇمراھلار ھېسابلىنىپ، ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتكە قالىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دەيدۇ: "يۇلتۇزغا قاراپ پال سالغۇچى پالچىدۇر، پالچى بولسا سېھىرگەردۇر، سېھىرگەر بولسا كاپىردۇر"، "كىمكى ئاللاغا بىر نەرسىنى شېرىك كەلتۈرۈپ ئۆلسە، دوزاخقا كىرىدۇ". دېمەك، خۇراپاتلىق كىشىلەرنى بۇ دۇنيادا ھەر جەھەتتىن زىيانغا ئۇچرىتىدىغان، ئاخىرەتتە تېخىمۇ قاتتىق ئازابقا سالىدىغان زەھەرلىك ئەپيۇن ھەم ئەجەللىك سىرتماقتۇر.

ھۆرمەتلىك مۇسۇلمانلار، خۇراپاتلىقنى تۈگىتىش بىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان ئېغىر ئەمما شەرەپلىك بۇرچىمىزدۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن: "كىمكى ئىسلام دىنىغا زىت كېلىدىغان بىر ئىشنى كۆرسە قولى بىلەن ئۆزگەرتسۇن، ئەگەر قولى بىلەن ئۆزگەرتىشكە قۇدرىتى يەتمىسە تىلى بىلەن ئۆزگەرتسۇن (تەلىم-تەربىيە، تەشۋىق ئېلىپ بارسۇن). ئەگەر تىلى بىلەن ئۆزگەرتىشكە قادىر بولالمىسا دىلىدا نارازى بولسۇن، دىلىدا نارازى بولۇش ئىماننىڭ تۆۋەن تەلىپىدىندۇر". بىز بۇ ھەدىسنى چوقۇم ئوبدان ئەستە تۇتۇپ، خۇراپاتلىقنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ، ئىسلام تەرەققىياتىغا، جۈملىدىن، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا بىر كىشىلىك ھەسسە قوشۇش ئۈچۈن تىرىشىشىمىز كېرەك، ئۇنداق بولمىغاندا، بىزدە ئىماننىڭ نۇرى ۋە ئىماننىڭ شەرىپى بولمايدۇ. ئاللا ھەممىمىزنى خۇراپاتلىققا ئىشىنىشتىن، ئاللاغا شېرىك كەلتۈرۈشتىن، ھەر ئىككى دۇنيادا ئازابقا ئۇچراشتىن ساقلىغاي، خۇراپاتلىقنى تۈگىتىشكە كۈچ-قۇدرەت ئاتا قىلغاي، ئامىن!

(ئاپتور: قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام دىنى مەكتىپىنىڭ تالىپى)

## ئاقساقمارال يېزىسى ئىككى ژۇرنالغا مۇشتەرى توپلاشقا ئەھمىيەت بەرمەكتە

مارالبېشى ناھىيە ئاقساقمارال يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى بىلەن «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنىڭ كەڭ ئامما ئارىسىدىكى ئاكتىپ تەسىرى ۋە رولىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىپ، مەخسۇس ئادەم بېكىتىپ، پۈتۈن يېزا بويىچە تەشۋىقاتنى قانات يايدۇرۇپ، 97-يىللىق «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىغا 334 نۇسخا، «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىغا 534 نۇسخا مۇشتەرى توپلاپ، ناھىيىلىك مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى ئىدارىسى تەرىپىدىن تەقدىرلەنگەنىدى، بۇ يىلمۇ بۇ يېزا «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىغا 225 نۇسخا، «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىغا 531 نۇسخا مۇشتەرى توپلىدى.

(مۇھەممەد ئەمەت)

# ئىسلام دىنى ئىقتىسادچىللىقنى تەشەببۇس قىلىپ، ئىسراپچىلىققا قارشى تۇرىدۇ

◇ خۇاڭ يىچۇەن

ھەممىگە مەلۇمكى، ئىسلام دىنى بۇ دۇنيالىققا ئەھمىيەت بېرىدىغان دىن بولۇپ، ئۇنىڭ بارلىق تەلىمات ۋە ئەمرىمەرۇپلىرى ئىنسانلارنى تېخىمۇ ياخشى ھاياتلىق ۋە ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. شۇڭا، ئىسلام دىنى ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشتا باياشات، ئەمما ئاددىي-ساددا بولۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، بۇزۇپ-چېچىپ ئىسراپ قىلىشنى مەنئى قىلىدۇ. مىڭ نەچچە يۈز يىلدىن بۇيان، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى «قۇرئان كەرىم» تەلىماتلىرىغا ئىزچىل ئەمەل قىلىپ، كۈندىلىك تۇرمۇش ۋە ئىستېمالدا، ئىسلام دىنى تەشەببۇس قىلىدىغان ئىككى دۇنيالىق بەخت-سائادەتنى ئىزدەش كىشىلىك قارىشى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىدا چىڭ تۇرۇپ كەلدى. چۈنكى، ئۇلارغا شۇنىسى ناھايىتى ئېنىقكى، مۇسۇلمان ئادەم ھاياتلىق ئۈچۈن نورمال ئىستېمال قىلىشى كېرەك، ئەمما ھاياتلىقنىڭ مەقسىتى بايلىق ۋە شانۇشەۋكەت ھەم راھەت-پاراغەت قوغلىشىش ئەمەس، بەلكى ئاللاتائاغا ئىبادەت قىلىپ، تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلىش، كەڭ ئامما ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشتىن ئىبارەت. «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلگەن: **"يەڭلار، ئىچىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار، ئاللا ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ھەقىقەتەن ياقتۇرمايدۇ"** (7-سۈرە «ئەئراف»، 31-ئايەت). يەنە مۇنداق دېيىلگەن: **"تۇغقانغا، مىسكىنگە، ئىبنى سەبىلگە (خەير-ساخاۋەتتىن) ھەققىنى بەرگىن، (پۇل-مېلىڭنى ناتوغرا يوللارغا) ئىسراپ قىلمىغىن. ئىسراپ قىلغۇچىلار ھەقىقەتەن شەيتانلارنىڭ قېرىنداشلىرىدۇر، شەيتان پەرۋەردىگارىغا تولىمۇ كۇپرانى نېمەت قىلغانىدى"** (17-سۈرە «بەنى ئىسرائىل»، 27—26-ئايەتلەر). خاتەمۇل ئەنبىيا (پەيغەمبەرلەر تۈگەنچىسى) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم) مۇ: "ئىسراپ قىلىش ھارام" دېگەن، يەنە: "پىلانلىق بولۇش ھاياتلىقنىڭ يېرىمىدۇر" دېگەن ۋە يەنە: " بىر ئادەمنىڭ تامىقى ئىككى ئادەمگە يېتىدۇ، ئىككى ئادەمنىڭ تامىقى ئۈچ ئادەمگە يېتىدۇ، ئۈچ ئادەمنىڭ تامىقى تۆت ئادەمگە يېتىدۇ" دېگەنىدى.

يۇقىرىدا نەقىل ئېلىنغان ئايەت ۋە ھەدىسلەردىن شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى، ئىسلام دىنى كىشىلەرنىڭ تىرىشچان-ئىقتىسادچان بولۇشىنى قاتتىق تەشەببۇس قىلىدۇ ۋە ئىلھاملاندۇرىدۇ، بۇزۇپ-چېچىپ ئىسراپ قىلىشى ۋە خالىغانچە بەتخەجلىك قىلىشىغا قارشى تۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىزنى يەنە كىمكى خالىغانچە بەتخەجلىك بىلەن ئىسراپ قىلىپ، راھەت-پاراغەتكە بېرىلىپ ياشايدىكەن، قولىدا ھېچنېمە قالمىغاندا چۈشكۈنلىشىپ ئۈمىدسىزلىنىدۇ ياكى خۇدىنى يوقىتىپ جىنايى قىلمىشلارنى قىلىپ ئۆمۈرلۈك پۇشايمان يەيدۇ، دەپ ئاگاھلاندۇرىدۇ. شۇڭا بىزدىن دۇرۇس ئادەم بولۇش، تىرىشىپ خىزمەت قىلىش، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش، تۇرمۇشنى ياخشىلاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئاللا يولىدا تۆھپە قوشۇشنى، مەسىلەن، ئىسلامىيەت جامائەت ئىشلىرىنى يولغا قويۇشنى، مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى، ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈشنى، شۇنداقلا تەبىئىي ئاپەتكە ئۇچرىغانلارغا ياردەم بېرىشنى، تۇغقانلار، نامراتلار، يىراق-يېقىن قوشنىلار قاتارلىقلارغا يار-يۆلەكتە

بولۇشنى، ئۇلارغا ياردەم قىلىپ قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىۋېلىشىغا ھەمدەمدە بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلىدۇ: **"ئاللا ساڭا بەرگەن بايلىق بىلەن ئاخىرەت يۇرتىنى تىلىگىن، دۇنيادىكى نېسىۋەڭنىمۇ ئۇنتۇمىغىن، ئاللا ساڭا ياخشىلىق قىلغىنىدەك، سەن (ئاللانىڭ بەندىلىرىگىمۇ) ياخشىلىق قىلغىن"** (28-سۈرە «قەسەس»، 77-ئايەتنىڭ بىر قىسمى). بۇ ئايەت بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، ھالال يول بىلەن ئېرىشكەن بايلىقنىڭ بىر قىسمىنى ئاللا يولىدا سەرپ قىلىپ، جامائەت پاراۋانلىقى ۋە خەير-ساخاۋەت ئىشلىرىغا ئىشلىتىش كېرەك، يەنە بىر قىسمىنى ئۆزىگە قالدۇرۇپ ھالال ئىستېمال قىلىش كېرەك، شۇنداقلا، "ئاۋۋال ئەلنىڭ غېمى غېمىڭ بولسۇن، ئاندىن ئەلنىڭ خۇشلۇقى خۇشلۇقۇڭ بولسۇن" دېگەن يۈكسەك پەزىلەت ۋە ياخشى ئەخلاق بىلەن جەمئىيەتتە ياشاپ، ئاللاغا تەقۋادار، خەلققە كۆيۈمچان ياخشى مۆمىن بولۇش كېرەك. بۇ جەھەتتە خاتەمۇل ئەنبىيا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىزگە نەمۇنە بولغانىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا ناھايىتى غورىبەتچىلىكتە ياشىغانىدى. ئەمما شۇنداق جاپالىمۇشەققەتلىك مۇھىتتا، ئۆزى ئاچ قالغان تەقدىردىمۇ بىر ئامال قىلىپ باشقىلارغا ياردەم بېرەتتى. مۇسۇلمان ئادەم ئاللاتائالانىڭ ئەمرىگە ئەمەل قىلىشى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى نەمۇنە قىلىپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئىنتىپاق-دوستانە بولۇشتەك ئېسىل ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇشى، جاپالىق مېھنەت ۋە تەر تۆكۈش بەدىلىگە كەلگەن ھەربىر دان ئاشلىق ۋە ھەربىر تىيىن پۇلنى قەدىرلىشى، جاپاكەش ۋە چىداملىق بولۇش، تىرىشچان ۋە ئىقتىسادچان بولۇشتەك ياخشى ئادەتنى يېتىلدۇرۇشى لازىم. دەۋرنىڭ تەرەققىياتى، جەمئىيەتنىڭ يۈكسىلىشىگە ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز ئېشىپ بارىدۇ. ئەمما بىز چوقۇم ئاللاتائالا ۋە رەسۇلۇللانىڭ يولىغا ئەمەل قىلىپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى جارى قىلدۇرۇشىمىز، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ جاپالىمۇشەققەتكە چىداپ، ئاددىي-ساددا ياشاش، تىرىشچان ۋە ئىقتىسادچان بولۇشتەك ئەنئەنىۋى ئېسىل پەزىلىتىنى جارى قىلدۇرۇشىمىز، ئۆزىمىزنىڭ يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك، تۇرار جاي، يول يۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردىكى تۇرمۇشىمىز ياخشى ھەل بولغاندىن كېيىن، ھەم پۇل-بايلىققا بېرىلىپ كەتمەسلىكىمىز، ھەم پۇل-مالنى پاخالدەك بۇزۇپ چېچىپ، خالىغانچە بەتخەجلىك قىلماسلىقىمىز لازىم. «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلىدۇ: **"ئاللا سىلەرگە ھالال قىلغان پاك نەرسىلەرنى ھارام قىلماڭلار، (ئاللا بەلگىلەپ بەرگەن) چەكتىن ئاشماڭلار، ئاللا چەكتىن ئاشقۇچىلارنى ھەقىقەتەن دوست تۇتمايدۇ"** (5-سۈرە «مائىدە»، 87-ئايەت). يەنە مۇنداق دېيىلىدۇ: **"ئۇلار (يەنى ئاللا ياخشى كۆرىدىغان بەندىلەر) خىراجەت قىلغاندا، ئىسراپچىلىقمۇ قىلمايدۇ، بېخىللىقمۇ قىلمايدۇ، ئوتتۇراھال خىراجەت قىلىدۇ"** (25-سۈرە «فۇرقان»، 67-ئايەت). بۇ ئىككى ئايەت بىزگە شۇنى ئاگاھلاندۇرىدۇكى، ئاللاتائالا بىزگە ئىلتىپات قىلىپ بەرگەن ھەر خىل نېمەتلەرنى ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىستېمال قىلىشىمىز، ھەرگىز بۇزۇپ-چېچىپ ئىسراپ قىلماسلىقىمىز لازىم. يىغىپ ئېيتقاندا، ئىسلام دىنى تۇرمۇش ئىستېمالى مەسىلىسىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ. مۇسۇلمان ئادەم يالغۇز ھايات ۋاقتىدىلا ئاللاتائالانىڭ ئەمرلىرىگە قاتتىق ئەمەل قىلىپ، ئىقتىسادچان بولۇپ، ئىسراپچىلىقتىن ساقلىنىپ قالماستىن، ھاياتلىق سەپىرىنى ئاياغلاشتۇرۇپ، باقىي ئالەمگە سەپەر قىلغان ۋاقتىدىمۇ بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا بۇ ئەمرلەرگە بوشاشماي ئەمەل قىلىشى لازىم، شۇ سەۋەبتىن ھەربىر مۇسۇلمان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ باي-كەمبەغەل، مەرتىۋىلىك - مەرتىۋىسىز، ئەمەلىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ دەپنە ئىشلىرى شەرىئەت بەلگىلىمىسى بويىچە تېز سۈرئەتتە ۋە ئاددىي-ساددا بېجىرىلىدۇ. ھازىر جەمئىيەتتە بولۇۋاتقان چوڭ يەپ، چوڭ ئىچىش، مېھمان چىللاش-سوۋغات تەقدىم قىلىش، سۆلەتۋازلىق قىلىش، ھەشەمەتچىلىكتە بەسلىشىش، ئىسراپخورلۇق قاتارلىق قىلمىشلار جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى پەزىلىتىگە زىت كېلىدۇ، بۇنىڭغا ئىسلام دىنىمىزمۇ يول قويمايدۇ. ئەگەر بىز ئىككى ئالەملىك بەخت-سائادەتكە ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىدىكەنمىز ئاللاتائالانىڭ ئەمرىمەرۇپلىرىنى ئېسىمىزدە چىڭ تۇتۇپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى نەمۇنە قىلىپ، ئاخىرىتىمىزنى ئويلىغان ھالدا بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ئېسىل، ئەنئەنىۋى گۈزەل-ئەخلاقلىرىمىزنى جارى قىلدۇرۇشىمىز، مۇۋاپىق ھالەتتىكى كۈندىلىك ئىستېمالىمىزنى ئۆز چېكىدە قىلىشىمىز لازىم، شۇنداق قىلغاندىلا، ئاللاتائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىپ، مەڭگۈلۈك جەننەتكە كىرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايمىز.

# زەھەرلىك چېكىملىكلەردىن ھەزەر ئەيلەش توغرىسىدا ياشلىرىمىزغا مۇراجىئەت

مۆھتەرەم ھاجى

بىزنىڭ ئۇلۇغ ئىسلام دىنىمىز بۇ دۇنياغا قەدەم قويغان دەسلەپكى قەدىمدىلا پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ بۇ دۇنيادىكى مەنپەئىتىنى، ئاخىرەتتىكى بەخت-سائادىتىنى چىقىش نۇقتىسى قىلغان ئاساستا، تۈرلۈك قائىدە-تۈزۈملەرنى، پرىنسىپلارنى ئورنىتىپ، پەقەت مۇشۇ قائىدە-تۈزۈملەر، پرىنسىپلار ئىجرا قىلىنغاندىلا ئاشۇ مەنپەئەتلەرنىڭ، بەخت-سائادەتلەرنىڭ ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىنى ئىنسانىيەتكە ئوچۇق جاكارلىغان. بۇ ئاساستا ئىنسانلارغا پايدىلىق، ئۇلارنىڭ مەنپەئىتىگە ياتىدىغان بارلىق ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا تەشەببۇس قىلىپ، ئۇلارغا زىيانلىق بارلىق يامان ئىشلاردىن ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىشقا، ئۇلارنى ھەرگىز قىلماسلىققا چاقىرغان. جۈملىدىن ئىنسانلارغا زور بالايى-ئاپەتلەرنى كەلتۈرىدىغان، ئادەملەرنى ئىنسانلىق قېلىپىدىن چىقىرىدىغان مەست قىلغۇچى نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىشنى چەكلىگەن. بىزنىڭ مېھرىشەپقەتلىك ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىمىز ئاللاتائالا مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: ”**ئەي مۆمىنلەر، ھاراق ئىچىش (جۈملىدىن ئادەمنى مەست قىلىدىغان نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىش)، قىمار ئويناش، بۇتلارغا چوقۇنۇش ۋە پال ئوقى بىلەن پال سېلىش شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلىقلاردۇر، سىلەر بەخت-سائادەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار! شەيتان بولسا ھاراق (ئادەمنى مەست قىلىدىغان نەرسىلەر) ۋە قىمار قاتارلىقلار ئارقىلىق سىلەرنىڭ ئاراڭلارغا دۈشمەنلىك، ئاداۋەت سالماقچى، سىلەرنى ئاللانى ياد ئېتىشتىن، ناماز ئوقۇشتىن توسماقچى بولىدۇ، سىلەر ئەمدى (شەيتاننىڭ ئاشۇ رەزىل، پەسكەش ئىشلىرىدىن) يانمامسىلەر؟؟؟**“.

يۇقىرىقى ئايەتنىڭ مەزمۇنىدىكى ”ھاراق“ دېگەن سۆز ئەرەب تىلىدا ”خەمرى“ دەپ ئېيتىلىدۇ، بۇ ئەرەب تىلىدا ئادەمنى مەست قىلىدىغان، ئەقىلسىزلاندۇرىدىغان ۋە ھوشسىزلاندۇرىدىغان بارلىق ئىچىملىك، چېكىملىكلەرگە قارىتىلغان بولۇپ، ئۇ بارلىق مەست قىلغۇچى زەھەرلىك چېكىملىك بۇيۇملىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇنىڭغا بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىزنىڭ: ”ئادەمنى مەست قىلىدىغان ھەرقانداق نەرسە ئەقىلسىزلاندۇرغۇچى ئامىل بولۇپ، ھەرقانداق ئەقىلسىزلاندۇرغۇچى نەرسە ھارام“ دېگەن سۆزى ئىسپات بولالايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بىز بۇ ئايەت ۋە ھەدىس ئارقىلىق ئادەمنى مەست قىلىدىغان بارلىق نەرسىلەرنى ئىچىشنىڭ، چېكىشنىڭ ھاراملىقىنى چۈشىنىۋالىمىز. دېمەك، بىز يۇقىرىقى ئايەتنىڭ، ھەدىسنىڭ مەزمۇنلىرىغا ئىنچىكىلىك بىلەن نەزەر تاشلايدىغان بولساق، ھاراق ئىچىش، زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى چېكىش، قىمار ئويناش دېگەنلەرنىڭ ئەڭ رەزىل، ناچار، پاسكىنا قىلىقلار ئىكەنلىكىنى، بۇ ئىشلارنىڭ پەقەت شەيتانغىلا خاس پەسكەشلىك ئىكەنلىكىنى، يامان نىيەت شەيتاننىڭ ئىنسانلارنى مۇشۇنداق رەزىل ئىشلارغا قىزىقتۇرۇپ، ئۆزئارا ئاداۋەت، دۈشمەنلىكلەرنى، زىددىيەتلەرنى سېلىشقا ئۇرۇنىدىغانلىقىنى، بۇ ئىشلار ئارقىلىق ئادەملەرنى ئىنسانلىق قېلىپىدىن چىقىرىدىغانلىقىنى ھەمدە ئىنسانلارنىڭ دۇنيا-ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشمەكچى بولغىنىدا چوقۇم مۇشۇنداق

شەيتاننىڭ چالغان بويامچىلىق داپ-مۇزىكىلىرىغا ئۇسسۇل ئوينايدىغان قىلىقلاردىن، پەسكەشلىكلەردىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىشى كېرەكلىكىنى ئوچۇق چۈشىنىۋالىمىز. لېكىن بىزنىڭ ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىمىز ئاللاتائالانىڭ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق بۇ دۇنيادىكى قىسقا ۋاقىتلىق، خۇددى ئۆتەڭدەك تۇرمۇش يولىغا يېقىپ قويغان ھىدايەت چىراغلىرى شۇنداق نۇرلۇق، شۇنداق چاقناپ تۇرسىمۇ، ئوچۇق كۆزلىرى كور كۆزلەردەك كۆرمەس بولۇپ قالغان نۇرغۇنلىغان ياشلىرىمىز تۇرمۇش مۇساپىسىدىكى يولىنى تاپالماي تېڭىرقاپ يۈرمەكتە، ئىسلام دىنىمىزنىڭ قارىشىدا ئەڭ رەزىل، ئەڭ پەسكەش شەيتاننىڭ ئىشى دەپ قارالغان زەھەرلىك چېكىملىكلەرنىڭ قەپىزىگە سولۇنۇپ ياتماقتا.

يېقىنقى يىللاردىن بېرى، مۇسۇلمان ياش ئوغۇل-قىزلىرىمىز ئارىسىغا زەھەرلىك چېكىملىك چېكىشتەك رەزىل ئادەت كەڭ تارقىلىپ، خەلقىمىز ئۈچۈن چوڭ بىر ئىجتىمائىي بالايى-ئاپەتلەرنى، تۈگەپ بولغۇسىز ماددىي ۋە مەنىۋى زىيانلارنى ئېلىپ كەلدى. بولۇپمۇ بىز مۇسۇلمان ئەۋلادلىرى ئىچىدە سىڭىپ كىرىپ قالغان زەھەرلىك چېكىملىك چەككۈچىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى خەلقىمىزنىڭ كەلگۈسى ئۈمىدلىرى باغلانغان ياش-ئۆسمۈرلەر بولۇپ چىقتى. بۇ ئەھۋاللار ئۈمىدۋار ياشاۋاتقان خەلقىمىزنىڭ، كېلەچەك ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەۋاتقان، ھارماي-تالماي تەر تۆكۈۋاتقان، كېچە-كۈندۈزلەپ تۇرمۇش غېمىمىزنى يەۋاتقان ئاكا-ھەدىلەرنىڭ ئۈمىدلىرىنى ئۈزدى. ئېتىقادى ۋە ئىبادەت ئىشلىرىدىن باشقا ھەربىر ئېغىز سۆزى ئاشۇ ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ بەختى ئۈچۈن سۆزلىنىدىغان، قوللىرىنىڭ ھەربىر ھەرىكىتى ئاشۇ ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ بەختى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدىغان، ھەربىر ئاياغ قەدىمى ئاشۇ ياش-ئۆسمۈرلەرنى بەختى ئۈچۈن باسىدىغان، ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان، بارلىق ئىش-ھەرىكەتلىرى ئاشۇ ئوغۇل-قىزلار ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان، ئىشلەۋاتقان، ئىزدىنىۋاتقان سۆيۈملۈك، قەدىردان ئاتا-ئانىلارنىڭ ئۈمىدلىرىنى يەردە قويدى. ئۇلارنىڭ ئۇلۇغ غايىلىرى ئۈچۈن تەلپۈنۈپ چاقناپ تۇرغان نۇرلۇق كۆزلەرگە غەم-قايغۇ ياشلىرىنى باشلاپ كەلدى. مۇشۇ سەۋەبلەردىن يېقىنقى بىرقانچە يىللاردا قانچىلىغان بەختلىك ئائىلىلەر ئاشۇ ئاق ئالۋاستىنىڭ رەھىمسىز چاڭگىلىدا ۋەيران بولدىكىن، ھە! ...

بىز يېقىنقى مۇشۇ بىرقانچە يىل ئىچىدە پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولغان شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ، ئاتالمىش ئاق ئالۋاستىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ئۇنىڭ ياۋۇز چاڭگىلىدا ۋەيران بولغان نۇرغۇنلىغان كىچىك گۈدەك، سەبىي باللارنىڭ، ئالىي مەكتەپلەرگە شۇنچە تەسلەردە قوبۇل قىلىنىپ، مېھرى ئىسسىق ئاتا-ئانىلارنىڭ جاپا تارتىپ تاپقان پۇللىرىنى خەجلەپ ئوقۇۋاتقان كېلىشكەن يىگىتلىرىمىزنىڭ، گۈزەل ئوماق قىزلىرىمىزنىڭ ئوخشاش بولمىغان ۋاقىتلاردا باشلىرىدىن ئۆتكۈزگەن ھەر خىل شەكىللەردىكى، ھەر خىل مەنىلەردىكى ناھايىتى ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلىرىنى، ھەر تۈردىكى قايغۇلۇق خەۋەرلىرىنى ئاڭلىدۇق. ياشلىرىمىزغا ئاكا ياكى ئاچا بولالىغۇدەك تۇرمۇش قۇرغان ئەر-ئايال قېرىنداشلىرىمىز ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالالماي ياسالماۋاز شەيتاننىڭ ساختىپەزلىك بىلەن ئوينىغان ھەر خىل چىرايلىق كۆرۈنۈشلىرىگە ئاشىق بولۇشۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىناق، بەختلىك ئائىلىلىرىنى ۋەيران قىلىۋەتتى. بەزى تۇرمۇش قۇرامىغا يېتىپ قالغان ياش ئوغۇل-قىزلىرىمىز بۇ شەرمەندە ئاق ئالۋاستىنىڭ كەينىگە كىرىپ، يېتىشىپ بولالماي، سۆيۈملۈك ئەزىز ئاتا-ئانىلارنىڭ ئوغلىمىزنى ئۆيلىسەك ياكى قىزىمىزنى تالاغا چىقارساق ئىشلىتىمىز دەپ ناھايىتى مۇشەققەتلەر بىلەن ئىشلەپ تېپىپ، ساندۇقلاردا ساقلاۋاتقان پۇل-چەكلىرىدىن تارتىپ، تاكى ئاچلىسىڭىللار توي-تۆكۈنلەردە مېھمانلىق تاقاي دەپ ئاياپ

ساقلاۋاتقان ئالتۇن زىبۇزىننەت بۇيۇملىرىغىچە بارلىق نەرسە-كېرەكلەرنى ئاشۇ يالماۋۇز ئاق ئالۋاستىغا سوۋغات قىلدى. بۇنى ئاز دېگەندەك چىرايلىق بېزەپ قويۇلغان ئۆيلەردىكى تېلېۋىزور، ئۈنئالغۇ، گىلەملەرنى ئېلىپ چىقىپ، يارىماس ماللار قاتارىدا ئەرزان باھادا بازارلارغا سالدى. ھەتتا بىزنىڭ ئۇماق، گۈزەل قىزلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ قىممەتلىك ھېسابلىنىدىغان ئىپپەت-نومۇسلىرىنى جەمئىيەتتە ئېقىپ يۈرگەن، ئىشى يوق، پەسكەش لۈكچەكلەرگە ئەرزىمەس باھالاردا ساتتى. بەزى ئەر-ئاياللار شەرئەت تۈزۈمى بويىچە ئورنىتىلغان نىكاھلىرىنى بۇزۇپ تاشلاپ، خەلقئالەم ئالدىدا بەرگەن ئالدىم-تەگدىم دېگەن ۋەدىلىرىگە قىلچە پەرۋا قىلماستىن ھالال جۈپتىلىرىدىن ئايرىلىشىپ، كىچىك، سەبى باللىرىنى يېتىم قالدۇرۇپ ئاشۇ ئاق ئالۋاستىنىڭ ئالدىغا باشلاپ ماڭغان يامان نىيەت شەيتاننىڭ ھالاكەت يولىدىكى داقىلدۇمباقلىرىغا ئۇسسۇل ئويناپ كېتىپ قالدى.

بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟! بىز ئاق ئالۋاستى دەپ ئاتاۋاتقان بۇ زەھەرلىك چېكىملىك قانداق قىلىپ بۇنچىۋالا كۆپ ياشلىرىمىزنى بۇ دەرىجىدە ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالدى؟ ئۇ زادى نېمە؟؟؟

زەھەرلىك چېكىملىك دېگەن ئادەمنى مەست قىلىدىغان، خۇمار تۇتقۇزىدىغان ئەپيۇن، خىروئىن، مورفىن، نەشە، كوكايىن قاتارلىق نەرسىلەر بولۇپ، بۇ نەرسىلەردە كۆپ مىقداردا زەھەرلىك ماددىلار بار. بۇلارنىڭ كېلىش مەنبەلىرى، ئىشلەپ چىقىرىلىش ئۇسۇللىرى ھەر خىل بولۇپ، بۇ نەرسىلەر پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ لەنىتىگە ئۇچرىغانلىقتىن، كۆپىنچە ئەھۋاللاردا، يوشۇرۇن ھالدا قارا نىيەتچىلەرنىڭ قولىدا ئىشلەپ چىقىرىلىدۇ، ئۇلار بۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ كىچىك ئەرزىمەس شەخسىي مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن، ۋاقىتلىق ھاۋايى-ھەۋەسلىرى ئۈچۈن، چەكلىك ئىقتىسادىي كىرىملىرى ئۈچۈن پۈتۈن ئىنسانىيەتنى زەھەرلەيدۇ، ئۇلارغا زور بالايى-ئاپەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. شۇڭا ئۇلار پۈتۈن دۇنيا خەلقى ئالدىدا ئۇچۇق-ئاشكارا جاۋابكارلىققا تارتىلىشى كېرەك.

1) ئەپيۇن: رەڭگى قېنىق قوڭۇر رەڭ قارا مايغا ئوخشاش مەلھەم بولۇپ، ئۇ ئەپيۇنگۈل مېۋىسىنىڭ شىرنىسى قۇرۇتۇلغاندىن كېيىن پىشۇرۇش، سۈزۈش، ھورلاش قاتارلىق ۋاستىلەر بىلەن ياسىلىدۇ. ئۇنىڭ زور دەرىجىدە ئادەمنى زەھەرلەش خۇسۇسىيىتى بولۇپ، ئۇ ئاسانلا ئادەمنى كاردىن چىقىرىدۇ. 2) خىروئىن: بۇنىڭ ساپ رەڭگى ئاق بولۇپ، ئۇ مورفىنغا خىمىيىلىك بۇيۇملارنى ئارىلاشتۇرۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. بۇنىڭغا بەزىدە باشقا نەرسىلەر ئارىلاشتۇرۇلغاچقا سۇس سېرىق پاراشوكتەك ياكى دانلىق ھالەتتە بولىدۇ. بۇمۇ ئالاھىدە زەھەرلەش، ھوشسىزلاندۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولۇپ، ھازىرقى ۋاقىتتا ئەڭ كۆپ تارقالغان. 3) مورفىن: ئۇ رەڭسىز، تەمى ئاچچىق، شەكلى ناۋات شەكلىدىكى مەست قىلىش، ھوشسىزلاندۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولۇپ، زەھەرلىك بۇيۇملارنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى. 4) نەشە: بۇ رەڭگى يېشىل ياكى جىگەر رەڭ ھالدا بولىدىغان، كېلىش مەنبەسى كۆپ ئاسان بىر خىل زەھەرلىك بۇيۇم بولۇپ، ئۇ ئاساسەن كەندىر ئۆسۈملۈكىدىن ئېلىنىدۇ. 5) كوكايىن: بۇ كوكايىن يوپۇرمىقىدىن چەككىلىنىپ ئېلىنىدىغان بىئولوگىيىلىك ئىشقار بولۇپ، ئۇنىڭ رەڭگى ئاق، شەكلى ئۇۋاق ھالەتتە بولىدۇ. بۇمۇ دەۋرىمىزدە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان زەھەرلىك بۇيۇم.

بۇ يەردە ھازىرقى دەۋرىمىزدە ئەۋج ئالغان بەش خىل زەھەرلىك بۇيۇمنى شەكلى، تەمى، تەسىرى ۋە كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان نەتىجىلىرى تەرەپلىرىدىن تونۇشتۇرۇپ ئۆتتۈشىمىز ياش دوستلارنى بۇ نەرسىلەردىن ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن بولۇپ، بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئادەمنى مەست قىلىدىغان، ھوشسىزلاندۇرىدىغان، خۇمار تۇتقۇزىدىغان ۋە قاتتىق زەھەرلەيدىغان، نەتىجىدە شۇ نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىدىغان كىشىلەرگە،

پۇتكۇل جەمئىيەتكە، ئىنسانىيەتكە زور بالايى-ئاپەتلەرنى ئېلىپ كېلىدىغان ئەشەددىي دۈشمەن.

ئادەملەرنىڭ بۇ نەرسىلەرگە خۇمار بولۇپ قېلىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب شۇكى، ئادەم بۇ نەرسىلەرنى چەككەن، ئىستېمال قىلغان ۋاقىتتا، زەھەرلىك چېكىملىك ئۇنىڭ مەركىزىي نېرۋىلىرىنى غىدىقلاش ئارقىلىق، ئۇنىڭغا مەلۇم ۋاقىتلىق خۇشاللىق، ھۇزۇرلۇق تۇيغۇلىرىنى ئېلىپ كېلىپ، ئۇ كىشىنى خۇددى دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك كىشىلەردەك ھېسسىياتلارغا ئېلىپ بارىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ھېسسىياتلىرى، تۇيغۇلىرى توختاپ قالغان ۋاقىتتا، پسىخىكا ۋە فىزىئولوگىيىلىك جەھەتتە نورمالسىزلىشىپ، بۇرنىدىن ماڭقا، كۆزىدىن ياش ئېقىپ، ئەسنەك تۇتىدۇ، تەرلەيدۇ، ئۇيقۇسى كەلمەيدۇ. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى بەدىنى مۇزلايدۇ، بەدىنىگە توخۇ ئەت ئۆرلەيدۇ، كۆڭلى ئېلىشىپ، قۇسۇش، قورسىقى تارتىشىپ ئاغرىش، پەيلىرى تارتىشىش، كۆز قارىچۇقلىرى يوغىناپ كېتىش ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ. مانا بۇ زەھەرلىك چېكىملىك چەككۈچىلەرنىڭ خۇمارى تۇتقانلىقىنىڭ ئىپادىسى. ئەگەر خۇمارى ئېغىرراق تۇتقاندا، خۇددى مىڭلىغان چۈمۈلىلەر ئىلىك-ئىلىكىدىن شوراۋاتقاندەك، نەچچە مىلگىغان يىڭنىلەر يۈرەككە سانجىلىۋاتقاندەك، ئۇستىخانلىرى ئۈگە-ئۈگىلىرىدىن ئاغرىپ، پەيلىرى ئۈزۈلۈپ كېتىۋاتقاندەك، بەدەنلىرىنى تىغ بىلەن تىتما-تىتما قىلىۋاتقاندەك، ئۆلەي دېسە تېخى، ياشاي دېسە تېخى، ئاشۇنداق چىدىغۇسىز ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ ئادەملىكىنى يوقىتىپ، ئەقلىدىن ئازىدۇ، پۇت-قوللىرى تارتىشىپ داد-پەرياد كۆتۈرىدۇ. تامغا ئۇسۇپ ياكى باشقا يول بىلەن ئۆزىنى زەخىملەندۈرىدۇ، ھەتتا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدۇ. مانا بۇ بىز ئاق ئالۋاستى دەپ ئاتاۋاتقان زەھەرلىك چېكىملىك، مانا بۇ بىزنىڭ نۇرغۇنلىغان ئەزىز ئاكا-ئۇكىلىرىمىزنى، سۆيۈملۈك ئاچا-سىڭىللىرىمىزنى ياۋۇز چاڭگىلىغا

چۈشۈرۈۋالغان زەھەرلىك چايان، مانا ب
نۇرغۇنلىغان بەختلىك، ئىناق ئائىلىلەرنى ۋەيرا
قىلىۋاتقان، كىچىك-سەبىي باللارنى يېت
قالدۇرغان، نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ ئەزىز جانلىر
زامىن بولغان زەھەرلىك ئېبلىس، مانا بۇ ئۇلۇ
پەرۋەردىگارىمىز ئاللاتائالا بۇندىن 1400 يى
ئىلگىرى نازىل قىلغان ۋە كۆرسىتىپ بەرگە
پەسكەش، پاسكىنا شەيتاننىڭ ئىشى. شۇ
ئىنسانلارغا بۇنداق زور بالايى-ئاپەتلەرنى ئېلى
كېلىدىغان، بەختلىك ئىناق تۇرمۇشلار
بەختسىزلىك ئۇرۇقىنى چاچىدىغان بۇ زەھەرلى
يالماۋۇزدىن بىز مۇسۇلمان ئەۋلادلىرى ئۆزىمىز
چەتكە ئېلىشىمىز، بىزنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنىم
بولغان ۋەھشىي شەيتاننىڭ ھەر خىل غەرەزلىرىدى
ھەر مىنۇت-ھەر سېكونت ھەزەر ئەيلەپ، ئۇنى
بۇزۇق، يامان يوللارغا باشلاپ مېڭىشىدى
ساقلىنىشىمىز، بىزنىڭ ئۇلۇغ پەرۋەردىگارى
ئاللاتائالا ھىدايەت قىلغان، سۆيۈملۈ
پەيغەمبىرىمىز باشلاپ ماڭغان، ئۇلۇغ دەستۇرى
«قۇرئان كەرىم»نىڭ شانلىق نۇرى ئاستىدىك
پارلاق يولىمىزدا داغدام قەدەم بېسىپ، ئاشۇ يامار
نىيەت، يامان غەرەز شەيتاننىڭ بۇ توغرا يولىمىزدى
ئازدۇرۇپ قويۇشىدىن، بىزنىڭ چوڭقۇر قەلبىمىزد
ئورۇن ئالغان ساپ ئىمانىمىزدىن چىقىرىپ
كۇپۇرلىكنىڭ تۇيۇق يولىغا سېلىپ قويۇشىدى
قاتتىق ساقلىنىشىمىز كېرەك.

بىزنىڭ يېتەكچىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالا
يولىيورۇق بېرىپ: "ئۆزىڭىزنى ۋە باشقىلارغىم
زىيانلىق ئىشلارنى قىلماسلىق كېرەك" دېگەن
دېمەك، زەھەرلىك چېكىملىك دېگەن بۇ ئاق
ئالۋاستى زەھەرلىك چېكىملىك چەككۈچىگە ھە
تەرەپلەردىن ھەر خىل زىيانلارنى ئېلىپ كەلسە
پۇتكۇل جەمئىيەتكە تولدۇرۇۋالغۇس
بالايى-ئاپەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. شۇڭا بۇنداق
ئەھۋاللارنىڭ بىز مۇسۇلمان ئەۋلادلىرىنىڭ
مۇسۇلمان ياش-ئۆسمۈرلىرىنىڭ، خەلقىمىزنىڭ
كېلەچەك ئۈمىدلىرى باغلانغان ئوغۇل-قىزلىرىنىڭ

ئىچىدە يۈز بېرىشى، بىر تەرەپتىن ئېتىقادىمىزنىڭ، تونۇشىمىزنىڭ ئاجىزلىقىنى كۆرسەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئاڭ سەۋىيىمىزنىڭ، ساپايىمىزنىڭ ناھايىتى تۆۋەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. بىزنىڭ سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ بۇ ھەقتە نۇرغۇنلىغان ئوچۇق كۆرسەتمىلىرى بار بولۇپ، ئۇ: "ئادەمنى مەست قىلىدىغان ھەرقانداق نەرسە ئەقىلسىزلاندۇرىدىغان ئامىل بولۇپ، ھەرقانداق ئەقىلسىزلاندۇرغۇچى نەرسە ھارام" دەپ ئادەمنى مەست قىلىدىغان، ئەقلىدىن ئازدۇرىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ھاراملىقىنى ئوچۇق جاكارلىغان.

شۇڭا بىز مۇسۇلمان ئوغۇل-قىزلىرى ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ تارىختىن قالغان ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە تولۇق ۋارىسلىق قىلىپ، پىشقەدەم دىنىي، پەننىي ئۆلىمالىرىمىزنى ئۈلگە قىلىپ، ئۇلارغا ئەگىشىپ، ياشلىق دەۋرىمىزدىكى ۋاقىتلىق ھاۋايى-ھەۋەسلىرىمىزنى تۇتۇۋېلىپ، كەيپ-ساپا ئىشلارغا ئۆزىمىزنى يولۇتماي "بىر قېتىم قىلىپ باقاي، ئازراق قىلىپ باقاي، بىر سىناپ باقاي" دېگەندەك ئاددىي كۆز قاراشلار بىلەن بىزنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنىمىز بولغان شەيتاننىڭ ئالدامچىلىق بىلەن ئوينىغان دامىغا چۈشۈپ قېلىپ، ئاشۇ ئاق ئالۋاستىنىڭ جىنى چاپلىشىپ قالىدىغان ئەھۋاللاردىن قاتتىق ساقلىنىشىمىز كېرەك. بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز ھەقىقەتەن سۆيۈملۈك، ھەقىقەتەن كۆيۈمچان، ئۇ بىزنىڭ ھەربىر ئىشىمىزنىڭ، ھەربىر ھەرىكىتىمىزنىڭ دۇرۇس توغرا بولۇشىنى نەزەردە تۇتۇپ، بىزنىڭ چوڭ-كىچىك ئىشلىرىمىز ئۈچۈن ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇ ياشلىرىمىزنىڭ ئاشۇ گودەك ساددا خىياللار بىلەن "بىر قېتىم قىلىپ باقاي، ئازراق قىلىپ باقاي، بىر سىناپ باقاي" دېگەن سەل چاغلاشلار ئارقىلىق توغرا يولدىن ئېزىپ چىقىپ، تۈيۈق يولغا كىرىپ قېلىشىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ: "كۆپ مىقدارىدىكىسى مەست قىلىدىغان نەرسىنىڭ ئاز مىقدارىمۇ ھارام" دەپ ئوچۇق كۆرسەتكەن.

دېمەك، بىز بۇ ھەدىسنىڭ مەزمۇنىدىن ئادەمنى مەست قىلىدىغان بارلىق نەرسىلەرنىڭ بىر قېتىم قىلىپ بېقىشىمۇ، ئازراق قىلىپ بېقىشىمۇ، بىر سىناپ بېقىشىمۇ ھارام ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋالالايمىز. شۇڭا بىز مۇسۇلمان ئوغۇل-قىزلىرى "بىر قېتىم قىلىپ باقاي، ئازراق قىلىپ باقاي،بىر سىناپ باقاي" دېگەندەك ساددا خىياللار بىلەن قىلىپ بېقىپ، سىناپ بېقىپ، تېتىپ قالسا يەنە قىلىپ بېقىپ، ئاخىردا خۇمار بولۇپ قېلىپ، ئۆزىمىزنى ھالاكەت يولىغا چۈشۈرۈپ قويىدىغان يامان ئاقىۋەتكە قالماسلىقىمىز كېرەك.

مەن بۇ يەردە ئەزىز ئاكا-ئۇكىلارنىڭ، سۆيۈملۈك ئاچا-سىڭىللارنىڭ دىققىتىگە زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش ئادىتىگە گىرىپتار بولۇپ قالغان 20 ياشلار ئەتراپىدىكى بىر يىگىتنىڭ خۇمارى تۇتۇپ قېلىپ، بولالماي ئۆلۈۋېلىش ئالدىدا قالدۇرغان بىر ۋەسىيەتنامىسىنى سۇنماقچى. ۋەسىيەتنامىدا مۇنداق دېيىلگەن: "مەن بىر بەتبەشىرە زەھەرلىك چېكىملىك چەككۈچى، بۇ يىلنىڭ بېشىدا زەھەرلىك چېكىملىككە خۇمار بولۇپ قېلىپ، تېگى يوق ھاڭغا غۇلاپ چۈشتۈم، زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش ئۈچۈن ئامالسىز خىزمەت ئورنۇمدىن ئايرىلىپ جەمئىيەتتە ۋاقتىمنى مەنىسىز ئۆتكۈزدۈم. ھەر كۈنى سىرتلاردا ئوغرىلىق قىلىپ باشقىلارنىڭ پۇلىنى قاقتى-سوقتى قىلدىم. لېكىن ئورنىغا كەلمەيتتى، بولغانغان، چىرىگەن تېنىم ۋە روھىمدىن قۇتۇلۇشنى ئۆلۈم ئارقىلىق تاللاشنىڭ مەن ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرقى يول ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ئۆلۈم ساۋۇقى ئارقىلىق ئەڭ دېمەتلىك دوستلارغا ئاگاھلاندۇرماقچىمەن: ئېھتىيات قىلىڭلار! بارلىق ئىپلاسلىقلارنى، بولۇپمۇ خىروئىندىن ئىبارەت بۇ ئاق ئالۋاستىنى ئۆزۈڭلارغا دوست قىلماڭلار!".

بۇ نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق، نېمىدېگەن ھەسرەت ئىچىدىكى ئۆلۈم، ھە! بىز بۇ يەردە بۇ ياش بالىنىڭ ئېچىنىشلىق ھالدا ئۆزىنىڭ ئەزىز

جىنىنى ئاشۇ رەھىمسىز ئاق ئالۋاستىنىڭ ياۋۇز چاڭگىلىغا تۇتۇپ بېرىش ئالدىدا قالدۇرغان تەسىرلىك سۆزلىرىدىن قاتتىق ئىبرەت ئېلىشىمىز، ھەر ۋاقىت، ھەر دائىم ھوشيارلىقىمىزنى ئۆستۈرۈپ، ھەر خىل ئالدامچىلارنىڭ، ساختىپەزلەرنىڭ ھىيلە-مىكىرلىرىدىن قاتتىق ساقلىنىشىمىز، ھەربىر ئىشنى قىلغان ۋاقتىمىزدا، قىلىۋاتقان ئىشىمىز ئۈستىدە ئويلىنىشىمىز، قىلغان ئىشىمىزنىڭ توغرا ياكى خاتا ئىكەنلىكىنى دەڭسەپ كۆرۈشىمىز كېرەك.

بىز يۇقىرىدا مىسالغا ئېلىنغان ھېلىقى ياش بالىنىڭ ۋەقەلىكى ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزسەك، ئۇ بالا ئالدامچى شەيتاننىڭ دامىغا چۈشۈپ ماڭغان ھالاكەت يولىدا ئىنتايىن يامان ئاقىۋەتتە قالغانلىقىنى ئېيتقان ھەمدە تېگى يوق بۇ ھاڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ بىردىنبىر چارىسى ئۆلۈۋېلىش دېگەن قارارغا كېلىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان. ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ بۇ يامان ئاقىۋەتتىن ئۆلۈم ئارقىلىق قۇتۇلمەن دېيىشىنىڭ ئۆزىمۇ ئەڭ چوڭ خاتالىق. ئۇ بۇنداق چىدىغۇسىز ئەھۋال ئاستىدا، ئۆزىنىڭ ئاجىز ئىنسانلىق ئەقلى بىلەن، ئۆلسەم ھەممىدىن قۇتۇلمەنغۇ دەيدىغان ساددا كۆز قاراشقا كەلگەن. بۇ خاتالىق ئۈستىگە ئۆتكۈزگەن ئەڭ چوڭ خاتالىق. چۈنكى ئادەم ئامالسىزلىقتىن بۇنداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان ۋاقىتتا، ئۆزىنى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا، دوختۇرخانىلارغا مەلۇم قىلىپ داۋالىنىشى، قىلغان ئىشلىرىغا پۇشايمان قىلىپ، شۇنىڭدىن كېيىن قىلماسلىققا ۋەدە بېرىشى، ھەم ئۇ رەزىل ئادەتنى ئىككىنچى قىلماسلىققا كۈچىنىڭ بارىچە تىرىشىشى، تەۋبە قىلىپ، ئىنسانىيەت دۇنياسىدا قايسى يولنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىزدىشى ھەمدە توغرا يولنى تېپىپ شۇ يولدا مېڭىشى كېرەك.

بىز ئويلاپ باقايلى، بىزنىڭ دىنىي ئېتىقادىمىز بويىچە ئېيتقاندا ئادەم ئۆلۈپ، ئۇ بۇ دۇنيادىن ئايرىلسىمۇ، ئۆزىنىڭ ھايات ۋاقتىدا قىلغان بارلىق خاتالىقلىرى ئۈستىدىن ئاللاتائالانىڭ ئالدىدا جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ، ئەگەر ئادەم ھايات ۋاقتىدا ئۆز خاتالىقلىرىنى تونۇپ، ئىككىنچى قىلماسلىق... ئۈچۈن ئاللاتائالاغا تەۋبە قىلسا، ئاللاتائالا ئۇنىڭ... تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىپ گۇناھلىرىنى كەچۈرۈ... قىلىۋەتسە ئەجەب ئەمەس. ئەگەر قىلغان تەۋبىس... قوبۇل بولماي ئاشۇ گۇناھلىرى ئۈستىدە ئىمان... بىلەن كەتسە، ئۇ كىشى ئۆز گۇناھىغا چۈشلۇق... جاۋابكارلىققا تارتىلغاندىن كېيىن ئاللاتائالانى... رەھمىتى بىلەن بەخت-سائادەتكە ئېرىشىش... ئېھتىماللىقى بار. ئەمما ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش... ئەسلىگە كەلتۈرۈۋالغىلى بولمايدىغان چوڭ خاتالى... بولۇپ، بۇ ئىش شۇ كىشىنى ئىماندىن ئايرى... ئاللاتائالانىڭ مەغپىرىتىدىن، رەھمىتىدىن پۈتۈنلە... مەھرۇم قىلىپ قويىدۇ.

دېمەك، بۇ "بىر قېتىم قىلىپ باقاي، ئازرا... قىلىپ باقاي، بىر سىناپ باقاي" دېگەن ساد... خىياللار بىلەن باشلانغان ئىش كىچىكلىكتى... چوڭلاپ، ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىشىپ، ئىما... ئىشەنچلىرىدىن كۇپۇرلۇققا يۈزلىنىپ، ئەڭ ئاخىر... ئادەمنى ھەممىدىن مەھرۇم قىلىپ قويىدىغان چو... بىر ھالاكەت يولىغا باشلاپ بارىدۇ. (بۇنىڭدى... خۇدا ساقلىسۇن).

بىز ئاخىردا، ئىسلام دىنىمىزنىڭ ئېسىل... ئەنئەنىلىرى بويىچە ئورنىتىلغان ئاكا-ئۇكىلاردەك... ئاچا-سىڭىللاردەك قېرىنداشلىق بۇرچىمىزنى ئا... قىلىش ئۈچۈن، ئاشۇ تېگى يوق ھاڭنىڭ... ئىچىدىكى ئاق ئالۋاستىنىڭ ياۋۇز چاڭگىلى... تورغان، كۆزلىرىدىن ئېچىنىشلىق پۇشايما... ياشلىرىنى تۆكۈپ تەلمۈرۈپ ياشاۋاتقا... قېرىنداشلىرىمىزنىڭ، ئەزىز ئاكا-ئۇكىلارنىڭ... سۆيۈملۈك ئاچا-سىڭىللارنىڭ قوللىرىدىن تارتى... تۇرۇپ، خەلقىمىزنىڭ ئارزۇ-ئىستەكلىرى، كەلگۈس... ئۈمىد-غايىلىرى باغلانغان بارلىق ياش دوستلارغ... ئاكا-ئۇكىلارغا، ئاچا-سىڭىللارغا ۋە يېڭىدى... ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان كىچىك، گۆدەك، ئوماق... ئۆسمۈرلەرگە شۇنى مۇراجىئەت قىلىمىزكى، ئادەمنى... مەست قىلىدىغان، ئەقىلسىزلاندۇرىدىغا... نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئادەمنى زەھەرلەيدىغان...

ئادەمنى ئىنسانلىق قېلىپىدىن چىقىرىدىغان، ئادەمنىڭ ئەخلاقىنى بۇزىدىغان، قىسقىسى، بارلىق يامان ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان يامان نىيەت، پەسكەش، رەزىل شەيتاننىڭ ئىشى بولۇپ، بىزنىڭ ناھايىتى مېھرى-شەپقەتلىك پەرۋەردىگارىمىز ئاللاتائالا بۇنىڭدىن 1400 يىل ئىلگىرى بۇنداق ئىشلاردىن قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەن ھەمدە ئادەمنى ئىنسانلىق قېلىپىدىن، ئىنسانلىق شەكلىدىن، ھەتتا ئىنسانلىق مەنىسىدىن چىقىرىپ خۇددى ئەقىلسىز ھايۋانلار قاتارىغا كىرگۈزۈپ قويىدىغان بۇنداق رەزىل ئىشلارغا ھارام دېگەن ھۆكۈمنى چىقىرىپ، ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان كىشىنىڭ بۇ ئىشلارغا يېقىن كېلىشىنى چەكلىگەن. شۇڭا بىز خەلقىمىزنىڭ كەلگۈسى ئارزۇ-ئىستەكلىرى يۈكلەنگەن ياشلار، ئاكا-ئۇكىلار، ئاچا-سىڭىللار ھەر دائىم سەگەكلىكىمىزنى ئاشۇرۇپ، خەلقىمىزنىڭ بىزدىن كۈتكەن ئۈمىدلىرىنى يەردە قويماسلىقىمىز ئۈچۈن، ئىنسانىيەتنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولغان ئاشۇ رەزىل، پەسكەش، يامان نىيەت شەيتاننىڭ داققىدۇمباقلىرىغا ئۇسسۇل ئويناپ، ھالاكەت يولىغا چۈشۈپ قالماسلىقىمىز، ئاللاتائالانىڭ بۇ ھەقتىكى سۆزلىرىنى ئېسىمىزدە چىڭ تۇتۇشىمىز كېرەك: **”ئەي مۆمىنلەر، ھاراق ئىچىش (جۈملىدىن ئادەمنى مەست قىلىدىغان نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىش)، قىمار ئويناش، بۇتلارغا چوقۇنۇش ۋە پال ئوقى بىلەن پال سېلىش شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلىقلاردۇر، سىلەر بەخت-سائادەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار! شەيتان بولسا ھاراق (ئادەمنى مەست قىلىدىغان نەرسىلەر) ۋە قىمار قاتارلىقلار ئارقىلىق سىلەرنىڭ ئاراڭلارغا دۈشمەنلىك، ئاداۋەت سالماقچى، سىلەرنى ئاللانى ياد ئېتىشتىن، ناماز ئوقۇشتىن توسماقچى بولىدۇ، سىلەر ئەمدى (شەيتاننىڭ ئاشۇ رەزىل، پەسكەش ئىشلىرىدىن) يانمامسىلەر؟؟؟“.**

(ئاپتورى: شىنجاڭ ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى)

# ئىسلام دىنىنىڭ ئىچىملىك ۋە چېكىملىك چەكلىمىلىرى

◇ خەيرىنگۈل ئابدۇغوپۇر ◇

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

ئىسلام دىنى دۇنيادىكى ئۈچ چوڭ دىنىنىڭ بىرى بولغان مۇقەددەس ۋە ھەق دىندۇر. ئىسلام دىنىنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرى سىياسىي، ئىقتىساد، مېدىتسىنا، ئەخلاقشۇناسلىق قاتارلىق ھەرقايسى ساھەلەرگىلا چېتىشلىق بولۇپ قالماستىن، كىشىلىك مۇناسىۋەت، كىشىلەرنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشى، يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك قاتارلىق كونكرېت ئىشلارغىمۇ مۇناسىۋەتلىكتۇر. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، دىيارىمىزدىكى خېلى كۆپ كىشىلەرنىڭ ئۆز دىنىنىڭ توغرا نۇقتىئىنەزەرلىرىگە بولغان تونۇشىنىڭ يېتەرسىزلىكى ياكى ئۇنىڭغا ئىزچىل ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكى، نادانلىقىنى تاشلىماي يۈرۈۋەرگەنلىكى تۈپەيلىدىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ناچار ئادەت، بولمىغۇر ئىللەتلەر يەنىلا كۆپىيىۋاتىدۇ. مەن تۆۋەندە «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسلەردىن ئارىيە ئېلىش ئارقىلىق مىللىتىمىزدىكى شۇ تائىپىدىكى كىشىلەر ئارىسىدا ئەۋج ئېلىۋاتقان ئىچىملىك ۋە چېكىملىك جەھەتتىكى ئىللەتلەر ھەم ئۇنىڭ يامان ئاقىۋىتى توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتمەكچىمەن.

بىرىنچى، **ھاراقكەشلىك**. يەر يۈزىدىكى نەرسىلەر ئاللاتائالانىڭ ئىنسانلارغا بەرگەن نېمەتلىرى بولسىمۇ، بىراق ئۇلارنى خالىغانچە ئىستېمال قىلىشقا بولمايدۇ. «قۇرئان كەرىم»نىڭ بەزى ئايەتلىرىدە بۇ ھەقتە ئېنىق بايانلار بار. ئىسلام دىنى ھاراق قاتارلىق مەست قىلغۇچى

ئىچىملىكلەرنى ئىچىشنى چەكلەيدۇ. «قۇرئان كەرىم»نىڭ 2-سۈرە «بەقەرە»، 219-ئايىتىدە ھاراق ئىچىش چوڭ گۇناھ دەپ ئېنىق كۆرسىتىلگەن. شۇنداقلا 5-سۈرە «مائىدە»نىڭ 90—91-ئايەتلىرىدە مۇنداق دېيىلگەن: **”ئى مۆمىنلەر! ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، بۇتلارغا چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلىقلاردۇر، بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار. شەيتان ھاراق، قىمار ئارقىلىق ئاراڭلاردا دۈشمەنلىك، ئاداۋەت تۇغدۇرماقچى، سىلەرنى نامازدىن ۋە ئاللانى ياد ئېتىشتىن توسماقچى بولىدۇ. سىلەر ئەمدى (ھاراقتىن، قىماردىن) يانامسىلەر؟“**. ھەدىستىمۇ ھاراق ئىچىش چەكلەنگەن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ”دۇنيادا ھاراق ئىچىپ ئۇنىڭدىن تەۋبە قىلمىغان ئادەم ئاخىرەتنىڭ شاراپلىرىدىن مەھرۇم قىلىنىدۇ. مەست قىلغۇچى نەرسىنىڭ ھەممىسى ھاراق ھېسابلىنىدۇ، مەست قىلىدىغان نەرسىنىڭ ھەممىسى ھارام“.

ھاراقنىڭ ھاراملىقىنى ۋە زىيىنىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ بەزى مىللەتداشلىرىمىز 21-ئەسىر دەرۋازىسىغا كىرىش ئالدىدا يەنە قايسىدۇر قاۋاقخانا، رېستوران، بەزمىخانىلاردا، ھاراق پوكەيلىرىدە ھاراققا چىلاشقىنىچە غەپلەت ئۇيقۇغا چۆكمەكتە. ھازىر دىيارىمىزدا توي-تۆكۈن، مەشرەپ ۋە باشقا ئولتۇرۇشلىرىمىز ھاراقسىز قىزىمايدىغان، ھەتتا ئىسلام دىنىمىزنىڭ مۇبارەك بايرىمى بولغان روزا ھېيت، قۇربان ھېيتلىرىدىمۇ مېھمانلارغا ھاراق تەييارلايدىغان، ھېيتلاپ كىرگەنلەرنى ھاراق قۇيۇپ كۈتىدىغان، ھاراقنى بولۇشىغا ئىچىۋېلىپ، غەيرىي قىلىق چىقىرىپ ھېيت تەنتەنىسى قىلىشىدىغان ناچار ئەھۋاللار كۆپىيىپ قالدى.

ئۈرۈمچى كوچىلىرىدا بولسۇن، قەشقەر، ئاقسۇ، غۇلجا، خوتەن رايونلىرىدا بولسۇن، ھەتتا تەكلىماكان بويلىرىدىكى خىلۋەت يېزا-قىشلاقلاردا بولسۇن، قاۋاقخانىلار بەك ئاسان تېپىلىدۇيۇ،

كۇتۇپخانا ۋە كىتاب سېتىش دۇكانلىرى ئاسانلىقچ
تېپىلمايدۇ. مەھمۇت كاشغەرىنىڭ كىملىكىن
بىلمەيدىغان ياشلىرىمىز جۇڭگو، چەت ئە
ھاراقلىرىنىڭ ناملىرىنى بىر-بىرلەپ ئاتاپ بېرەلەيدۇ
جەمئىيەتتە ئالىي بىلىملىك ھېسابلىنىدىغا
ستۇدېنتلىرىمىزمۇ بىرەر نۇسخا گېزىت سېتىۋېلىش
چىدىمايدۇيۇ، ھاراقنى قەرز ئېلىپ بولسىمۇ ئىچىدۇ
يېقىندا فاكۇلتېتىمىزنىڭ بىر ئوقۇغۇچىسى 0
يۈەنلىك دەرسلىك كىتابىنى ئېلىپ چىقىس
كوچىدىكى كىتابپۇرۇشقا 20 يۈەنگە ساتقان، بىر
سائەتلەردىن كېيىن يېقىن ئەتراپتىكى ھارا
دۇكىنىدىن دەلدەڭشىگىنىچە چىقىپ كەلگەن. مان
ھازىرقى بىر قىسىم ستۇدېنتلىرىمىزنىڭ ئەھۋالى
ھاراق ئادەم بەدىنىگە زىيانلىق ئىچىملى
بولۇپ، ئاشقازان كېسىلى، كېكىرتەك ياللۇغ
يۈرەك كېسىلى، جىگەر قېتىش كېسىلى قاتارل
چوڭ-چوڭ كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىدۇ. ھارا
يەنە ئىسپىرمىنىڭ ھەرىكەت ئىقتىدارىنى
ئاجىزلىششنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، كېيىنك
ئەۋلادلارنىڭ نورمال ئۆسۈپ يېتىلىشىگە تەس
يەتكۈزىدۇ. مېدىتسىنا ساھەسىدىكىلەرمۇ ئام
قىلالمايۋاتقان ئەرلىك جىنسىي ئاجىزلىقنىن
كۆپرەك ھاراق كەلتۈرۈپ چىقارغان. ھاراق ئادەم
جىسمانىي، روھىي جەھەتتىنلا زەھەرلەپ قالماستىن
ئىقتىسادىي جەھەتتىنمۇ قۇرۇتۇۋېتىدۇ. بۇ توغرۇلۇ
مىساللار جەمئىيىتىمىزدە ناھايىتى كۆ
قېرىنداشلار، ئەينى ۋاقىتتا سىگانلار ئۆز زېمىنن
ھاراققا تېگىشىۋەتكەنىدەك، بىزمۇ بار ۋەسلىمىز
ھاراققا تېگىشىۋەتمەيلى، ”ھاراقكەش مىللەت
دېگەن نام ئەمدى بىزگە قالمىسۇن! مۇبارەك ئىس
دىنىمىز ھاراقنىڭ ھاراملىقىنى ۋە ھاراق ئىچىشنى
چوڭ گۇناھلىقىنى ئۇزاق زامانلار ئىلگىرىلا ئېنى
ئوتتۇرىغا قويغان، مۇسۇلمان مىللەتداشلىرى
بۇنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى، ئۆزىنىڭ مۇسۇلمانل
خىسلىتىنى ساقلىشى، ھاراق ئىچىۋېرىپ خۇدى
يوقاتماسلىقى، ئىككى دۇنيالىق بەختى ئۈچ
ئۆزىنىڭ تېنى ۋە روھىنى ئاسرىشى، ئەق

ئەمەللىرى بىلەن ئۇنى ساغلاملاشتۇرۇشى كېرەك.

**ئىككىنچى، زىيانلىق ۋە زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى چېكىش** . ھاراقكەشلىكتىن باشقا يەنە تاماكا چېكىش ۋە زەھەرلىك چېكىملىك چېكىشمۇ مىللىتىمىز مۇسۇلمانلىرى ئارىسىغا يۇقۇملۇق كېسەلدەك تارىلىپ كەتكەن ئەڭ يامان ئىللەتتۇر. تېنى ئاجىز ئادەمگە ئاسان كېسەل چاپلاشقاندەك، ساپاسى تۆۋەن، "كېسەل"گە قارشىلىق كۆرسىتىش ئىقتىدارى ئاجىز مىللەتداشلىرىمىزغىمۇ بارلىق "كېسەل" تەگلا يۇپۇرۇلۇپ كەلمەكتە.

ئىسلام دىنى ھاراق ئىچىشنى چەكلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا تاماكا ۋە زەھەرلىك چېكىملىك چېكىشكە قارشى تۇردۇ. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ قارىشىچە، تاماكا ئۆپكىنى زەھەرلەيدىكەن، ئېغىز پۇراش كېسىلىنى پەيدا قىلغاندىن سىرت يەنە چىشنىڭ چىرىشىنى تېزلىتىدىكەن. تاماكا چەككۈچىلەر ئۆزىنى زەھەرلىگەندىن باشقا تاماكا چەكمەيدىغانلارنىمۇ زەھەرلەيدۇ. تاماكا ئىسى ھاۋانى بۇلغايدىغان، راك كېسىلىنى پەيدا قىلىدىغان ئامىللارنىڭ بىرى. تاماكا كىشىلەرنىڭ ئىقتىسادىنى خوراتقاندىن باشقا ھېچقانداق پايدا ئېلىپ كېلەلمەيدۇ.

زەھەرلىك چېكىملىك خىروئىن، ئەپيۇن، مورفىن، نەشە، كوكايىن قاتارلىقلار بولۇپ، مەلۇم بولۇشىچە، دىيارىمىزدا نەشە ۋە خىروئىننىڭ تارقىلىشى بىرقەدەر كەڭ ئىكەن. زەھەرلىك چېكىملىكلەر دىيارىمىزغا يامرىغاندىن تارتىپلا مىللەتداشلىرىمىزغا بالايى-ئاپەت كەلتۈرگۈچى "خەتەرلىك ئالۋاستى" بولدى، بەزى قىزلىرىمىز بىرەر قېتىملىق خۇمارنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئىپپەت-نومۇسىنى ساتىدىغان پاھىشىلەرگە، بەزى يىگىتلىرىمىز خەقنىڭ يانچۇق ۋە سومكىلىرىنى كېسىدىغان ئوغرىلارغا ئايلاندى. ئۇناق ئائىلىلەر بۇزۇلۇپ، نارەسىدىلەر يېتىم بولدى. بىچارە ئاتا-ئانىلار بالا دەردىدە سەكپارە بولۇشتى، بەزىلەر ھايا، ئەخلاق پەردىسىنى يىرتىپ تاشلاپ ئادەمىي ھايۋانغا ئايلىنىپ كەتتى. ئىسلام دىنى تەربىيىسىنىڭ يوق دېيەرلىك بولۇشى ۋە ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ سۇسلىقى تۈپەيلىدىن خېلى كۆپ مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىز ئۆزىنى تىزگىنلەش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم قېلىپ، زەھەرلىك چېكىملىك خۇمارىنى يۇقتۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئۆزىنى كونترول قىلىش ئىقتىدارىنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك يوقىتىپ ھالاكەت يولىغا يۈزلەنگىلى تۇردى، زەھەرلىك چېكىملىك ئاخىر ئۇلارنىڭ بار ۋەسلىنى ھەم نەسلىنى قۇرۇتقىلى تۇردى.

زەھەرلىك چېكىملىك كىشىلەرنىڭ تەن سالامەتلىكىنى ۋە ئىقتىسادىنى ھالاكەت كرىزىسىغا دۇچار قىلىدۇ. زەھەرلىك چېكىملىك يەنە ئەيدىز كېسىلى ئاپىتىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. دۇنيادا ئەيدىز كېسىلىگە گىرىپتار بولغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى زەھەرلىك چېكىملىك چەككۈچىلەر ئىكەن. زەھەرلىك چېكىملىك ھازىر نۇرغۇن ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىڭ مەنبەسى بولۇپ قالغاچقا، نۇرغۇن دۆلەتلەردە ئۇنىڭغا قارشى قانۇنىي كۈرەشلەر قانات يېيىۋاتىدۇ. دۆلىتىمىزمۇ كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، زەھەرلىك چېكىملىك ياساش، ئۇنى ئېلىپ-سېتىش ۋە چېكىش قىلمىشلىرىغا قانۇن بويىچە زەربە بېرىۋاتىدۇ ھەم كۆرۈنەرلىك ئۈنۈملەرگە ئېرىشىۋاتىدۇ. ئەمما زەھەرلىك چېكىملىكنىڭ يامان تەسىرى ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي مەنبەسىنى تۈپ يىلتىزىدىن يوقىتىش يەنىلا كىشىلەرنىڭ ئېڭىغا باغلىق.

ئىسلام دىنى جەمئىيەتتىكى ناچار خاھىش، ناچار ئادەتلەرنى تىزگىنلەشتىكى كۈچلۈك ئىدىيىۋى قورال. مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىز ئەگەر «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىپنىڭ روھى بويىچە ئۆزىنى تىزگىنلەپ، گۇناھلىق، يامان ئىشلاردىن ساقلىنىپ، ئەخلاق-پەزىلەتتە باشقىلارغا ئۈلگە بولۇش رولىنى ئويناپ، يولدىن ئازغان قېرىنداشلىرىنى توغرا يولغا يېتەكلەپ كېتەلىسە ھەم بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ھىدايەت يولىغا ماڭالىسا، ھەر ئىككى دۇنيادا ئۆزىگە پايدىلىق بولار ئىدى؛ شۇ چاغدا، ئاندىن مىللىتىمىز

# ئىسلام دۇنياسىغا مەشھۇر «قۇرئان كەرىم» باسمىخانىسى

□ مۇسا چىن يۈيلۇڭ

سەئۇدى ئەرەبىستانىدىكى شاھ فەھد «قۇرئان كەرىم» باسمىخانىسى ئىسلام دۇنياسىغا مەشھۇر، چوڭ تىپتىكى «قۇرئان كەرىم» بېسىش مەركەزلىرىدىن بىرى. 1984-يىل 10-ئاينىڭ 30-كۈنى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن بۇ باسمىخانا قۇرۇلۇش كۆلىمى تەخمىنەن 250 مىڭ كۋادرات مېتىر بولغان ئۇنىۋېرسال بىنالار تۈركۈمى بولۇپ، مەمۇرىيەت بىناسى، رېمونت سېخى، باسما سېخى، ئىسكىلات، تارقىتىش بىناسى، ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئۆي-جاي بىناسى، كۆڭۈل ئېچىش زالىنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندىن باشقا، ئۇنىڭ يەنە مەسچىت، دوختۇرخانا، كۇتۇپخانا، ئاشخانا قاتارلىق قۇرۇلۇشلىرىمۇ بار. باسمىخانىنىڭ كاتىبات باشقارمىسى ھەرقايسى مەركەزلەرنى، تارماق بۆلۈملەرنى ۋە سېخلارنى باشقۇرىدۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ كۈندىلىك ئىشلىرىنىڭ يۈرۈشۈش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىپ تۇرىدۇ. بۇ باسمىخانىنى سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ ئىسلامىيەت، فوند، تەشۋىق-تەربىيە، يېتەكچىلىك ۋازارەتلىرىنىڭ ۋەزىرلىرى رىياسەتچىلىكىدىكى ئالىي ئورگان مەسئۇل بولۇپ باشقۇرىدۇ.

باسمىخانىنىڭ ئاساسىي مەقستى مۇنۇلار: 1. «قۇرئان كەرىم»نى بېسىش ۋە نەشر قىلىش؛ 2. «قۇرئان كەرىم»نى ئىشلىتىش دائىرىسى كەڭرەك بولغان تىللارغا تەرجىمە قىلىش ۋە بۇ تىللاردا بېسىپ تارقىتىش؛ 3. «قۇرئان كەرىم»نى ئەڭ ئاتاقلىق قارىيلارغا قىرائەت قىلدۇرۇپ لېنتىغا ئېلىش؛ 4. مەدىنە ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن ھەمكارلىشىپ ھەدىس شەرىپ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرجىمىھالىنى بېسىش ۋە نەشر قىلىش؛ 5. «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىپكە مۇناسىۋەتلىك ئىلمىي تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىش.

باسمىخانا ھەر يىلى 30 مىليون «قۇرئان كەرىم» بېسىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپ، ھازىر، ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ يىللىق بېسىش مىقدارى 10 مىليون بولۇۋاتىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ھەر خىل تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان «قۇرئان كەرىم» نۇسخىلىرى 30 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. باسمىخانا ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن تارتىپ، تا ھازىرغىچە بېسىپ چىققان «قۇرئان كەرىم» نۇسخىسى 50 خىلدىن ئاشىدۇ. باسمىخانىنىڭ ئىلغار ئۈسكۈنىلىرى ۋە باشقۇرۇش تېخنىكىسى ھەر خىل نۇسخىدىكى «قۇرئان كەرىم»لەرنىڭ نەپىس ۋە سۈپەتلىك بېسىلىشىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ.

سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھىنىڭ يولىيورۇقىغا ئاساسەن، ئۆتكەندىكى بىرنەچچە يىل ئىچىدە دۇنيادىكى ھەرقايسى جايلارغا ھەر خىل نۇسخىدىكى «قۇرئان كەرىم»دىن 104 مىليون 956 مىڭ 407 پارچە تارقىتىلدى. تۆۋەندىكى سانلىق مەلۇماتلار ھەر خىل نۇسخىدىكى «قۇرئان

---

مۇسۇلمانلىرى ئۆز قىممىتىنى تەدرىجىي تونۇپ يېتىپ، ئۆز ۋۇجۇدىنى ئاسراش، كۈچلەندۈرۈش ۋە كۈچلۈكلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يېتىشىۋېلىشقا مۇشەررەپ بولالايتتى.

ئاخىردا ماقالەمنى مەمتىلى تەۋپىق ئەپەندىنىڭ مۇنۇ شېئىرى بىلەن ئاياغلاشتۇرىمەن:

سىلەردە بار ئەجەب بىر ئەيىپلەر،
نەشە، ھاراق، ئەپيۇندەك كەيپلەر.
ئوينايسىلەر قەغەز قىمار دېگەننى،
ئىت يېمەيدۇ سىلەر نان دەپ يېگەننى.
تەنقىد قىلدۇق ئەخلاقىڭىز تۈزەلسۇن،
تۈزەلمىسە سىزدىن ئۈمىد ئۈزۈلۈر.
نەشە چېكىپ ھېچ رەڭگىڭىزدە قان يوق،
شۇڭا سىزدە ئادەمگە خاس ۋىجدان يوق.

(ئاپتورى: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى)

كەرىم»نىڭ تارقىلىش ئەھۋالىنى قىسقىچە چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

① ئاسىياغا 67 مىليون 73 مىڭ 619 پارچە تارقىتىلدى؛ ② ئافرىقىغا 7 مىليون 124 مىڭ 691 پارچە تارقىتىلدى؛ ③ ياۋروپاغا 2 مىليون 459 مىڭ 936 پارچە تارقىتىلدى؛ ④ جەنۇبىي-شىمالىي ئامېرىكىغا 455 مىڭ 211 پارچە تارقىتىلدى؛ ⑤ ئاۋستىرالىيىگە 55 مىڭ 570 پارچە تارقىتىلدى؛ ⑥ سەئۇدى ئەرەبىستانى چەت ئەللەردە ئۆتكۈزگەن كۆرگەزمىلەرگە 633 مىڭ 221 پارچە قويدى؛ ⑦ ھەج قىلغۇچىلارغا 10 مىليون 397 مىڭ 84 پارچە تەقدىم قىلىندى؛ ⑧ باسمىخانىنىڭ تارقىتىش باشقارمىسىدا 7 مىليون 757 مىڭ 75 پارچە ساقلىنىۋاتىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى قوشقاندا، جەمئىي 104 مىليون 956 مىڭ 407 پارچە.

باسمىخانىنىڭ ئاساسىي ئۈسكۈنىلىرى:

① تۆت يۈرۈش يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئېلېكترونلۇق سۈرەتكە تارتىش ماشىنىسى؛ ② كومپيۇتېر بىلەن خەت تىزىش ماشىنىسى؛ ③ ئۈچ يۈرۈش چوڭ تىپتىكى رېزىنكىلىك باسما ماشىنىسى، بۇ ماشىنىنىڭ ھەربىرى سائەتتە 2000 نۇسخا «قۇرئان كەرىم» باسىدۇ؛ ④ 12 يۈرۈش مىق مەتبەئە ماشىنىسى، بۇ ماشىنىنىڭ ھەربىرى سائەتتە 300 نۇسخا «قۇرئان كەرىم» باسىدۇ؛ ⑤ 11 يۈرۈش قاتلاش ماشىنىسى، بۇ ماشىنىلارنىڭ ھەربىرى سائەتتە 4500 قېتىم قاتلايدۇ؛ ⑥ ئۈچ يۈرۈش قەغەز رەتلەش ماشىنىسى؛ ⑦ 21 يۈرۈش ئېلېكترونلۇق تۈپلەش ماشىنىسى، بۇنىڭ ئۈچى ژىرىك تۈپلەش ماشىنىسى بولۇپ، مەخسۇس كىچىك «قۇرئان كەرىم» تۈپلەيدۇ؛ ⑧ بىر يۈرۈش مۇقاۋا ئىشلەش ماشىنىسى ۋە قەغەز كېسىش ماشىنىسى؛ ⑨ ئىككى يۈرۈش قاتتىق مۇقاۋىلاش ماشىنىسى، ئىككى يۈرۈش ئاددىي مۇقاۋىلاش ماشىنىسى.

باسمىخانىدا تېخنىكلارنى يېتىشتۈرۈش مەركىزى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ مەقسىتى كەسپىي سەۋىيىگە ئىگە بىر تۈركۈم تالانتلىق سەئۇدىلىق باشقۇرۇش خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈپ، ئۇلارنى تۈرلۈك تېخنىكا ۋە ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرىنىڭ باشقۇرۇش ئىشلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان قىلىشتىن ئىبارەت. بۇنداق تەربىيىلەش خىزمىتىنى، ئاساسەن، مۇتەخەسسىسلەر ۋە تېخنىكۇمنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى ئىشلەيدۇ؛ تېخنىك ئىشچىلىرىنى ئۆز خىزمىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلىش ئۈچۈن، باسمىخانا يەنە ئۇلارنى قىسقا مۇددەتلىك كۇرسلاردا تەربىيىلەيدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا، باسمىخانا يەنە تېخنىك ئىشچىلىرىنى چەت ئەللەرگىمۇ ئەۋەتىپ تۇرىدۇ.

باسمىخانىدا باسمىخانىنىڭ باش كاتىپى رەھبەرلىكىدىكى كەسپىي ھەيئەتكە قارايدىغان بىرنەچچە مەركەز ۋە تەتقىقات ئاپپاراتلىرى بار، بۇلار تۆۋەندىكىچە:

① «قۇرئان كەرىم» تەتقىقات مەركىزى؛ ② تەرجىمە مەركىزى؛ ③ «ھەدىس شەرىپ» ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرجىمىھالىنى تەتقىق قىلىش مەركىزى؛ ④ ئىسلام تەتقىقات مەركىزى؛ ⑤ «قۇرئان كەرىم» باسمىسىنى كوررېكتور قىلىش ھەيئىتى؛ ⑥ «قۇرئان كەرىم»نى لېنتىغا ئېلىش ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ھەيئىتى؛ ⑦ تەرجىمە ھەيئىتى؛ ⑧ مەسلىھەتچىلەر ھەيئىتى.

(تەرجىمە قىلغۇچى: **رىشت ھاجى ۋاھىدى**

تەرجىمە تەھرىرى: **شەمشىدىن ھاجى**)

## ▼ تۈزىتىش ▼

ژۇرنىلىمىزنىڭ 98-يىل 1-سانىدىكى 6-بەت يۇقىرىدىن 5-قۇردىكى "دۇئالىرى بەرىكاتىدى" دېگەن سۆزنى "دۇئالىرى بەرىكاتىدىن" دەپ؛ 18-بەت يۇقىرىدىن 13-قۇردىكى "سەۋەبكە يېتىپ" دېگەن سۆزنى "سەۋەبكە يېپىشىپ" دەپ؛ 19-بەت يۇقىرىدىن 7-قۇردىكى "دۇئانىڭ" دېگەن سۆزنى "دۇئا ئۇنىڭ" دەپ؛ 19-قۇر تۆۋەندىن 7-قۇردىكى "دۇئا مەئتۇر، دۇئائى مەئسۇر" دېگەن سۆزدىكى "دۇئا مەئتۇر"نى چىقىرىۋېتىپ، "دۇئائى مەئسۇر" دەپ؛ 41-بەت 1-ستون تۆۋەندىن 5-قۇردىكى "ئاسىيادىن 26 دۆلەت" دېگەن سۆزنى "ئاسىيادىن 27 دۆلەت" دەپ؛ دۆلەتلەر ئىچىگە "بروناي دارىسسالام سۇلتانلىقى"نى قوشۇپ؛ 2-ستوندىكى "ئافرىقىدىن 27 دۆلەت" دېگەن سۆزنى "ئافرىقىدىن 26 دۆلەت" دەپ؛ دۆلەتلەر ئىچىدىن "بىرونى"نى چىقىرىۋېتىپ؛ 2-ستون يۇقىرىدىن 15-قۇردىكى "سپروستىكى يەرلىكلەر" دېگەن سۆزنى "سپورستىكى تۈركلەر" دەپ؛ يۇقىرىدىن 16-قۇردىكى "مولو" دېگەن سۆزنى "موروللار" دەپ تۈزىتىپ ئوقۇشىڭلارنى سورايمىز.

# خوتەن ۋىلايىتىدە ئىسلام دىنىي مەكتىپى قۇرۇلدى

1998-يىل 3-ئاينىڭ 21-كۈنى خوتەن ۋىلايەتلىك ئىسلام دىنى مەكتىپىنىڭ قۇرۇلغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن، تۇنجى قارارلىق تالىپلارنىڭ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. ۋىلايەت رەھبەرلىرى، ۋىلايەتلىك مىللەتلەر-دىن ئىشلىر باشقارمىسىنىڭ، ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ، سىياسىي مەكتەپنىڭ ۋە ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق مۇناسىۋەتلى باشقارما، ئىدارىلەرنىڭ مەسئۇللىرى ھەمدە ھەرقايسى ناھىيە (شەھەر) لىك بىرلىك سەپ بۆلۈمى، مىللەتلەر-دىن ئىشلىر ئىدارىلىرى ۋە ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، شۇنداقلا مەكتەپكە قوبۇل قىلىنغان تۇنجى قارارلىق تالىپلار بولۇ 150 كىشى بۇ مۇراسىمغا قاتناشتى.

مۇراسىمدا ئالدى بىلەن مەكتەپ ۋىۋىسكىسىنىڭ يوپۇقى ئېچىلدى. بۇ مەكتەپتە ئوقۇش باشلانغانلىق مۇناسىۋىتى بىلەن ۋىلايەت رەھبەرلىرى مەكتەپ قۇرۇشتىكى مەقسەت، باشقۇرۇشتىكى تەلەپ، يېتەكچى بولغان نىشان قاتارلى جەھەتلەردىن مۇھىم سۆز قىلدى.

تۇنجى قاراردا خوتەن ۋىلايىتىدىكى يەتتە ناھىيە، بىر شەھەردىن جەمئىي 80 تالىپ قوبۇل قىلىندى. قوبۇل قىلىنغا تالىپلار بىلىم سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكىگە قاراپ ئىككى سىنىپقا ئايرىلدى، بىر سىنىپتا بىر يىل، يەنە بىر سىنىپ ئىككى يىل ئوقۇش پىلانلاندى. ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە ۋىلايەتنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ۋە دىنى ساھەدىكىلەرنىڭ ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتۇپ، يىلىغا ئىككى سىنىپ (80 نەپەر) تالىپ قوبۇل قىلىپ ئوقۇتماقچى. بۇ ئارقىلى ئاساسىي قاتلامدىكى دىنىي ۋەزىپە ئۆتەيدىغان خادىملارنىڭ قېرىپ كېتىشى بىلەن ئۈزۈكچىلىك پەيدا بولۇش ۋە دىنى ۋەزىپە ئۆتەيدىغان خادىملار يېتىشمەسلىك مەسىلىسى ھەل قىلىنىدۇ. بۇ تالىپلار ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۆز يۇرتلىرى قايتىپ دىنىي ۋەزىپە بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

(تۇرغۇن ئىمىن

# قىزىلسۇ ئوبلاستىدا تۇنجى قېتىم ئېچىلغان بۆۋىلەر كۇرسى ئاخىرلاشتى

قىزىلسۇ ئوبلاستلىق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن ئوبلاستلىق ئىسلام جەمئىيىتى 1997-يىلى 12-ئاينىڭ بېشىدا ئاياللاردىن 32 نەپەر كۇرسانت قوبۇل قىلغاندى. بۇ كۇرسانتلار ھەرقايسى ناھىيە (شەھەر) لىك ئىسلا جەمئىيەتلىرىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، ھەممىسى 18 ياشتىن يۇقىرى 40 ياشتىن تۆۋەن، تېنى ساغلام، ئەدىپ-ئەخلاق جەھەتتىن تەلەپكە لايىق، بۆۋىلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەشنى ئىختىيار قىلغان، تولۇقسىز ئوتتۇرىدىن يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە ئاياللاردىن ئىبارەت.

كۇرسانتلارغا پارتىيىنىڭ مىللىي-دىنىي سىياسىتى، مۇناسىۋەتلىك قانۇنلار، «قۇرئان كەرىم»، ئىبادەت ئىسلامىيە، ئايال مېيىتلارنى ئۇزىتىش ئۇسۇلى، ئاياللارغا ئائىت بىلىملەر ئاساس قىلىنىپ ئۆگىتىلدى، 1998-يىلى 3-ئاينىڭ 27-كۈنى تۆت ئايلىق بۇ كۇرسنىڭ ئاخىرلىشىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. مۇراسىمغا ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مۇھەممەد مۇسا، ئوبلاستلىق مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىرى، ئوبلاستلىق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ۋە مۇئاۋىن رەئىسلىرى، ھەرقايسى ناھىيە (شەھەر) لىك مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىرى ۋە ئىسلا جەمئىيەتلىرىنىڭ رەئىسلىرى قاتناشتى. مۇراسىمدا ئوبلاستلىق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى رازىق ھاجى خۇلاسە سۆزى قىلىپ، كۇرسنىڭ نەتىجىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈردى ۋە تەجرىبە-ساۋاقلىرىنى يەكۈنلىدى. ئاخىردا توققۇز نەپە ئەلاچى كۇرسانت ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن مۇكاپاتلاندى. ئوبلاستنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مۇھەممەد مۇسا مۇراسىم ئاخىرىدا مۇھىم يوليورۇق بېرىپ، كۇرسانتلاردىن جايلارغا بارغاندىن كېيىن ھەرقايسى ناھىيە(شەھەر) لىك ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە بۆۋى بولۇپ ياخشى ئىشلەشنى، پارتىيىنىڭ مىللىي-دىنىي سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىشنى، مۇناسىۋەتلىك قانۇن-نىزاملارنى داۋاملىق ئۆگىنىشنى، ئەسلىدە بار بولغان بۆۋىلەرنى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۆز بىلىمىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ ھەقىقىي بۆۋى بولۇپ يېتىشىپ چىقىپ، ئۆز رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇشنى ئۈمىد قىلدى

ۋە بىرقانچە كونكرېت تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئوبلاستلىق مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئابلىز ھاجىمۇ مۇراسىمدا مۇھىم سۆز قىلدى. (رازىق ھاجى)

## قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يەكەن، قاغىلىق، كونا شەھەر ناھىيىلىرىدە دىنىي خادىملار كۇرسى ئېچىلدى

**يەكەن ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى** ئاچقان ياش دىنىي خادىملارنى تەربىيىلەش كۇرسىنىڭ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى 1997-يىل 12-ئاينىڭ 15-كۈنى بازار جامە مەسچىتىدە ئۆتكۈزۈلدى. ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇۋەلى داموللا ھاجى، ناھىيىنىڭ مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلىرى ۋە ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى، بازار ئىچىدىكى مەسچىتلەرنىڭ ئىمام-خاتىپلىرى بولۇپ 160 كىشى بۇ مۇراسىمغا قاتناشتى. مۇراسىمدا ئابدۇۋەلى داموللا ھاجى ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىگە ۋاكالىتەن مۇھىم سۆز قىلدى ھەمدە ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇردى، شۇنداقلا كۇرسانتلاردىن پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ "ئىلىم ئېلىش بۆشۈكتىن لەھەتكىچە بولۇر" دېگەن تەلىماتىنىڭ روھىغا ئاساسەن ھەرقايسى دەرسلەرنى قېتىقىنىپ ئۆگىنىپ، ئەلا نەتىجە بىلەن مەكتەپ پۈتتۈرۈپ، لاياقەتلىك دىنىي خادىم بولۇشنى تەلەپ قىلدى. بۇ قېتىمقى ئالتە ئايلىق كۇرسقا ناھىيە بويىچە جەمئىي 100 كۇرسانت قوبۇل قىلىندى، ئۇلارنىڭ 60%ى ئۆز جايلىرىدا ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان، دىنىي بىلىمى بىرقەدەر تۆۋەن دىنىي زاتلار، 40%ى چەت-يىراق كەنتلەردىكى مۇقىم ئىمامى يوق مەسچىتلەرگە تەربىيىلەپ بېرىلىدىغانلاردۇر. كۇرسانتلارنىڭ ياتاق، تاماق ۋە باشقا خىراجەتلىرىنى ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. كۇرسانتلار بۇ جەرياندا سىنىپ ئايرىمىسى بويىچە ئاساسلىقى قۇرئان، قىرائەت، ھەدىس، فىقھە بىلىملىرىنى، ئەرەب تىلى ۋە مەلۇم مىقداردا قانۇن بىلىملىرىنى ئۆگىنىدۇ.

يەكەن ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى ياش دىنىي خادىملارنى تەربىيىلەش خىزمىتىنى ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈپ ياخشى ئىشلەپ، 1986-يىلدىن 1997-يىل 12-ئايغىچە جەمئىي 12 قارار‌دا 1033 نەپەر دىنىي خادىم تەربىيىلەپ، ئۇلارنى ھەرقايسى يېزا(بازار) مەسچىتلىرىگە ئىمام، نائىپ ئىمام، خاتىپ، نائىپ خاتىپلىق ۋەزىپىلىرىگە تەيىنلەپ، شۇ جايدىكى كەڭ ئاممىنىڭ نورمال دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلدى ھەم جامائەتنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

**قاغىلىق ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى** 1997-يىل 10-ئاينىڭ 10-كۈنى بازار جامە مەسچىتىدە 7-قارارلىق دىنىي خادىملارنى تەربىيىلەش كۇرسىنىڭ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزدى. ناھىيە تەۋەسىدىكى 17 يېزا(بازار) دىن كەلگەن 81 تالىپ ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ بىر تۇتاش ئىمتىھان ئېلىشى ئارقىلىق بۇ قېتىمقى كۇرسقا قاتناشتى. بۇ قېتىمقى كۇرسىنىڭ تاماق، ياتاق ۋە باشقا چىقىملىرىغا ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى مەسئۇل بولدى. تالىپلارنىڭ ئوقۇش مۇددىتى ئالتە ئاي بولۇپ، بۇ جەرياندا ئۇلار قۇرئان، ھەدىس، تەجۋىد، فىقھە بىلىملىرىنى، ئىسلام دىنى ئاساسىي بىلىملىرىنى، ئەرەب تىلى، دىنىي سىياسەت، قانۇن قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆگىنىدۇ. بىرنەچچە يىللىق ئوقۇتۇش تەجرىبىلىرى ۋە ئوقۇتۇش پروگراممىسىغا ئاساسەن، ھەر ھەپتىدە دىنىي دەرس 31 سائەت، سىياسەت-قانۇن دەرسى9 سائەت ئۆتۈلىدۇ. تالىپلار ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۆز ئورۇنلىرىغا بېرىپ دىنىي ۋەزىپە ئۆتەيدۇ.

ئوقۇش باشلاش مۇراسىمغا ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابلىمىت مامۇت ھاجى، ناھىيىنىڭ مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلىرى ۋە ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزالىرى بولۇپ 180 كىشى قاتناشتى.

**كونا شەھەر ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى** ئاچقان دىنىي خادىملار كۇرسىنىڭ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى 199-يىل 11-ئاينىڭ 20-كۈنى كونا شەھەر جامە مەسچىتىدە ئۆتكۈزۈلدى. مۇراسىمغا ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇكېرىم قارىي ھاجى، ناھىيىنىڭ مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلىرى ۋە جۈمە مەسچىتلىرىنىڭ ئىمام-خاتىپلىرى

بولۇپ 120 نەچچە كىشى قاتناشتى.

بۇ قېتىمقى كۇرسقا ناھىيىنىڭ ھەرقايسى يېزا(بازار)لىرىدىكى دىنىي بىلىمى بىرقەدەر تۆۋەن ياش ۋە ئوتتۇرا ياش
دىنىي خادىملاردىن 70 كىشى قوبۇل قىلىندى. ئۇلارنىڭ ئوقۇش مۇددىتىمۇ يېرىم يىل بولۇپ، ئاساسلىقى قۇرئان، ھەدىس
تەپسىر جالالەيىن، شەرھى ۋىقايە، ئەرەب تىلى، ئىسلام ئەقىدىلىرى، قانۇن، سىياسەت بىلىملىرى ئۆگىنىدۇ.

(ياقۇپ ھاجى مۇھەممەد

## قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك ئىسلام دىنى 2-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى چاقىرىلدى

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك ئىسلام دىنى 2-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى 1998-يىلى 3-ئاينىڭ 17-كۈنى كوناشەھ
ناھىيىسىدە داغدۇغىلىق چاقىرىلدى.

يىغىنغا ناھىيە تەۋەسىدىكى 17 يېزا(بازار) دىن كەلگەن 90 نەپەر ۋەكىل ۋە دىنىي خادىملارنى تەربىيىلەش مەركىزى
ئوقۇۋاتقان تالىپلار بولۇپ جەمئىي 170 نەپەر كىشى ئىشتىراك قىلدى، ناھىيىنىڭ مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلىرى، ۋىلايەتلى
بىرلىك سەپ بۆلۈمى، مەمۇرىي مەھكىمە مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىرى، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلا
جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ھېيتگاھ جامەسىنىڭ ئىمامى، خاتىپى مۇھەممەت ئىمىن قارىي ھاجىم قاتارلىق رەھبەرل
تەكلىپكە بىنائەن يىغىنغا قاتناشتى ھەمدە مۇھىم سۆز قىلدى.

يىغىنغا ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى ئومۇمىي ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىت
5-نۆۋەتلىك دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنىنىڭ روھىي ۋە رەھبەرلەرنىڭ سۆزى نۇقتىلىق يەتكۈزۈلدى ھەمدە مۇزاكىرى
ئۇيۇشتۇرۇلدى. يىغىن ئەھلى ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى 1-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنىدىن بۇيانقى خىزمەتلەر توغرىسىدىك
دوكلاتنى ئەستايىدىل ئاڭلاپ ئۆتتى، ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ نۆۋەتتىكى خىزمەت ۋەزىپىسى، نىزامنامىسى، قارار
توي-تۆكۈن، ئۆلۈم-يېتىم ئىشلىرىنى ئاددىي-ساددا قىلىش توغرىسىدىكى تەشەببۇسنامىسىنى مۇزاكىرە قىلدى ۋە بىرد
ماقۇللىدى.

يىغىن دېموكراتىك سايلام ئارقىلىق ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 2-نۆۋەتلىك يېڭى رەھبەرلىك ئاپپاراتىنى ۋۇجۇ
كەلتۈردى. يىغىندا 40 نەپەر ھەيئەت ئەزاسى، 23 نەپەر دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى سايلاپ چىقىلدى. زۇنۇن قارىي ھاج
جەمئىيەت رەئىسى، ئابدۇكېرىم قارىي ھاجىم، ياقۇپ داموللا ھاجىم، ئابدۇراخمان قارىي ھاجىم، غوپۇر قارىي ھاجىملار مۇئاۋ
رەئىس، ئاخۇنجان (قوشۇمچە) باش كاتىپ بولۇپ سايلاندى.

يىغىن ئاخىرىدا 14 نەپەر "بەشتە ياخشى" دىنىي زات، 17 "بەشتە ياخشى" مەسچىت، ھالال ئەمگىكى ئارقىلى
باي بولغان 20 نەپەر دىنىي زات مۇكاپاتلاندى.

(ياقۇپ ھاجى مۇھەممە

## قاراقاش ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى 2-نۆۋەتلىك ھەيئىتىنىڭ 2-سانلىق يىغىنى غەلىبىلىك ئېچىلدى

بۇ يىل 3-ئاينىڭ 17-كۈنى قاراقاش ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى 2-نۆۋەتلىك ھەيئىتىنىڭ 2-سانلىق يىغىنى ئېچىلد
ناھىيىلىك پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى ئوبۇلقادىر يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلد
ناھىيىلىك مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن مەسئۇلى، ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ باش كاتى
غوجائابدۇللا قاسىم جەمئىيەت نامىدىن خىزمەت دوكلاتى بەردى.

قاراقاش ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى 1995-يىل 12-ئايدا ئېچىلغان 2-نۆۋەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىدىن بې
مۇقىملىقنى مۇستەھكەملەش، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىجتىمائىي كەيپىياتنى ياخشىلاش ۋە ئاممىن
نورمال دىنىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش جەھەتتە مۇھىم رول ئوينىدى. ئىسلام جەمئىيىتىن
ھەيئەت ئەزالىرى مۇسۇلمان ئامما ئارىسىدىكى ئىختىلاپ، ماجىرالارنى مۇۋاپىق ھەل قىلىپ، توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغ
ئاددىي ئۆتكۈزۈش، ھەشەمەتچىلىكنى چەكلەش، مەسچىتلەرنى رېمونت قىلىش، دىنىي ئىزباسارلارنى يېتىشتۈرۈش قاتارل
جەھەتلەردە ئاممىغا باشلامچى بولدى، ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ قوللىشى بىلەن ناھىيە بويىچە 1025 مەسچىتنى تەكشۈر
ئەنگە ئېلىپ، ئارخىپلاشتۇرۇپ، گۇۋاھنامە تارقاتتى. يەنە ئىككى يىلدىن بۇيان "قوش بەشتە ياخشى" بولۇش پائالىيىت

پائال قانات يايدۇردى، نەتىجىدە ۋىلايەت بويىچە 15 دىنىي زات، ناھىيە بويىچە 116 دىنىي زات، يېزا(بازار) لار بويىچە 368 دىنىي زات شەرەپلىك ھالدا مۇكاپاتلىنىپ، كەڭ ئېتىقادچى ئاممىغا نەمۇنە ياراتتى؛ ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام ئىنستىتۇتىغا ۋە خوتەن ۋىلايەتلىك ئىسلام دىنى مەكتىپىگە 19 نەپەر ياشنى تاللاپ ئەۋەتىپ بەردى.

بۇ قېتىمقى يىغىندا ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسى ماقۇللاندى، ۋەكىللەرنىڭ دېموكراتىك ھوقۇقى جارى قىلدۇرۇلۇپ، دېموكراتىك سايلام ئارقىلىق ئەھمەد داموللا ھاجى رەئىس، تۇرسۇن داموللا ھاجى، ئابلەتخان مەخسۇم ھاجى، ئابدۇكېرىم ھاجى، ئابدۇللا مەخسۇم ھاجى مۇئاۋىن رەئىس، غوجائابدۇللا قاسىم باش كاتىپ بولۇپ سايلاندى. شۇنىڭدەك بۇ ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 25 ھەيئەت ئەزاسىدىن تەركىب تاپقان يېڭى رەھبەرلىك ئاپپاراتى ۋۇجۇدقا كەلدى.

يىغىندا يەنە ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ راسخوتى، ئىسلام دىنى مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان تالىپلارنىڭ خىراجىتى، غەسساللارنى (مېيىت يۇغۇچىلارنى) تەربىيىلەش، «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىغا كەڭ تۈردە مۇشتەرى توپلاش ۋە ئۇنى تارقىتىش قاتارلىق مەسىلىلەر كەڭ-كۇشادە مۇزاكىرە قىلىندى. **(توختىمۇھەممەت نۇرمۇھەممەت، غوجائابدۇللا قاسىم)**

## جۇڭگو ھاجىلىرى ھەج پەرزىنى ئادا قىلىپ ۋەتەنگە ئامان-ئېسەن قايتىپ كەلدى

دۆلەت دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ ھاۋالىسى بويىچە، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى بۇ يىلمۇ جۇڭگو ھاجىلىرىنى ھەج قىلىشقا ئۇيۇشتۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولغانىدى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى جۇڭگو ھاجىلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇش ۋە ئۇلارغا مۇلازىمەت قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شەنشى ئۆلكىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ما لياڭجى ئاخۇن ئۆمەك باشلىقى، شىنجاڭ مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مەسئۇللىرىدىن قۇۋەت ئالى مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى مالىك ميان باش كاتىپ بولغان 11 كىشىلىك جۇڭگو ھەج خىزمىتى باش ئۆمىكىنى تەشكىللىدى، سەئۇدى ئەرەبىستانىدىكى ھەج تاۋاپ مەزگىلىدە بۇ ئۆمەك جۇڭگونىڭ جىددە مۇبارەك شەھرىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلخانىسىنىڭ يېتەكچىلىكى ۋە ھەمكارلىشىشى ئارقىسىدا، بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، تىرىشىپ ئىشلەپ، ئەلا مۇلازىمەت قىلىپ، جۇڭگو ھاجىلىرىنىڭ ھەج پەرزىنى مەمنۇنىيەتلىك ئادا قىلىۋېلىشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، جۇڭگودىن بارغان ھاجىلارنىڭ رازىلىقىغا ۋە تەشەككۇرىگە مۇيەسسەر بولدى.

ھەج تاۋاپ پائالىيىتى تازا جىددىي ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بىر چاغدا، 4-ئاينىڭ 9-كۈنى مەككە مۇكەررەمەنىڭ مىنا رايونىدىكى شەيتانغا تاش ئاتىدىغان سورۇندا، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن 1 مىليوندىن ئارتۇق ھاجى پۈتۈن ۋۇجۇدى ۋە دەرغەزەپ بىلەن شەيتانغا تاش ئېتىۋاتقاندا، قىستاڭچىلىقتا بىر قىسىم ھاجىلار يىقىلىپ چۈشكەنلىكى ئۈچۈن، كەينىدىن سەلدەك كېلىۋاتقان ھاجىلار قوشۇنى تەرىپىدىن دەسسىلىپ كېتىپ 119 ئادەم ئۆلۈش ۋە 360دىن ئارتۇق ئادەم يارىدار بولۇشتەك ئېغىر ۋەقە يۈز بەرگەنىدى. ئەمما جۇڭگو ھەج خىزمىتى ئۆمىكى جۇڭگودىن بارغان ھاجىلارغا شەيتانغا تاش ئاتقىلى بارغاندا بىخەتەرلىككە دىققەت قىلىش توغرىسىدا ئالدىنئالا تەشۋىقىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈن، گەرچە شۇ مەزگىلدە 600دىن ئارتۇق جۇڭگو ھاجىلىرى شەيتانغا تاش ئاتقىلى بارغان بولسىمۇ، بىرمۇ ئادەم ۋەقەگە ئۇچرىمىغان، ئەلھەمدۇلىللا! (پەقەت بىر ئايال يەڭگىل يارىدار بولۇپ تېزلا ئەسلىگە كەلگەن).

سەئۇدى ئەرەبىستانى ھەج ۋازارىتىنىڭ ئېلان قىلىشىچە بۇ يىل دۇنيا بويىچە بۇ يەرگە كېلىپ ھەج قىلغۇچىلارنىڭ سانى 1 مىليون 700 مىڭ ئەتراپىدا ئىكەن، بۇلارنىڭ ئىچىدە ھەج قىلغۇچىلار ئەڭ كۆپ بولغان دۆلەت ھىندونېزىيە بولۇپ، ئۇ يەردىن بۇ يىلمۇ 200 مىڭ ئادەم ھەج قىلغىلى بارغان.

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان 2100دەك مۇسۇلمانلار جۇڭگو غەربىي شىمال ئاۋىئاتسىيە شىركىتى ۋە شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ھۆددىگە ئالغان سەككىز چوڭ ئايروپىلانىغا ئولتۇرۇپ، 3-ئاينىڭ 14-كۈنىدىن 3-ئاينىڭ 22-كۈنىگىچە سەئۇدى ئەرەبىستانىغا بارغانىدى، ئۇلار ھەج پەرزىنى ئوڭۇشلۇق ئادا قىلىپ، 4-ئاينىڭ 14-كۈنىدىن 4-ئاينىڭ 27-كۈنىگىچە ۋەتەنگە ساق-سالامەت قايتىپ كەلدى. بۇ يىل شياڭگاڭ، ئاۋمېن ۋە تەيۋەندىنمۇ 50دەك مۇسۇلمان ھەج قىلىپ قايتتى.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە جۇڭگودىن تارقاق بارغان 2000دىن ئارتۇق ھاجىلارمۇ ئومۇمەن ئوخشاش بىر ۋاقىتتا سەئۇدى ئەرەبىستانىغا بېرىپ، ھەج پەرزىنى ئوڭۇشلۇق ئادا قىلىپ ۋەتەنگە ساق-سالامەت قايتىپ كەلدى.

بۇ يىلمۇ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى خەي جيەنمىننى ئۆمەك باشلىقى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى هاجى ئەكبەرنى مەسلىھەتچى قىلىپ، 11 كىشىلىك جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ھەج ئۆمىكى ئۇيۇشتۇرغانىدى. بۇ ئۆمەكمۇ 3-ئاينىڭ 22-كۈنى سەئۇدى ئەرەبىستانىغا بېرىپ، دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقىنىڭ يېتەكچىلىكى ۋە جۇڭگو ھە خىزمىتى باش ئۆمىكىنىڭ يېقىندىن ياردىمىدە بولۇشى ئارقىسىدا، ھەج پەرزىنى تولۇق ئادا قىلىپ، 4-ئاينىڭ 15-كۈن ۋەتەنگە ساق-سالامەت قايتىپ كەلدى. (هاجى مەھمۇدى

## مۇئاۋىن رەئىس ئابدۇقادىر نەسىردىن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مىللەتلەر ۋە دىن ئىشلىرىغا مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇقادىر نەسىردىن، ئاپتونو رايونلۇق مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ مەسئۇلى ليۇ يەنچىڭ قاتارلىقلار 4-ئاينىڭ 20-كۈنى چۈشتى بۇرۇن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە كېلىپ، ئىسلام جەمئىيىتى مەسئۇللىرى بىلەن كۆرۈشتى. مۇئاۋىن رەئىس قوشۇمچە باش كاتىپ مۇھەممەد ھەنەفى ۋەن ياۋبىن، مۇئاۋىن رەئىسلەردىن نۇئمان ما شيەن، ئابدۇرەھىم ئىمىن، مۇھەممەد سەئى ما يۈنفۇ، شەمشىدىن هاجى قاتارلىقلار ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئېلىپ كۈتۈۋالدى ۋە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر جۈملىدىن تالىپلارنى يېتىشتۈرۈش، ياش ۋە ئوتتۇرا ياش ئاخۇنلارنى نۆۋەت بىلەن بىلىم ئاشۇرغۇزۇش قاتارلىق ئىسلام مائارىپىغا دائ مەسىلىلەر ئۈستىدە ئۆزئارا ئازادە ۋە كۆڭۈللۈك پىكىر ئالماشتۇردى ھەمدە چۈشلۈك تاماقتا بىللە بولدى. (ئۆز مۇخبىرىمىز

## شىنجاڭ دىنىي زاتلار ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بېكمۇھەممەد مۇسا باشچىلىقىدىكى 1 كىشىدىن تەركىب تاپقان شىنجاڭ دىنىي زاتلار ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى بېيجىڭغا يېتىپ كېلىپلا ئەتىسى، يەنى 4-ئاينى 17-كۈنى مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى دىن ئىشلىرى باشقارمىسى مەسئۇللىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا جۇڭگو ئىسلا جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى، ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قوشۇمچە باش كاتىپى مۇھەممەد ھەنەفى ۋەن ياۋبى مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن ئابدۇرەھىم ئىمىن، مۇھەممەد سەئىد ما يۈنفۇ، شەمشىدىن هاجىلار ئۆمەك ئەزالىرىنى قىزغىن كۈتۈۋالد ھەم ئۇلارغا مەملىكىتىمىزنىڭ ئىسلام دىنى ئەھۋالى ۋە جەمئىيىتىمىزنىڭ خىزمەت ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى. ئۆمەك ئەزالىر جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ، ئىنستىتۇتنىڭ تولۇق كۇرس سىنىپلىرىدا ئوقۇۋاتقان تالىپلار ھەم ئىماما كۇرسىدا بىلىم ئاشۇرۇۋاتقان ياش ۋە ئوتتۇرا ياش ئىمام-ئاخۇنلارنىڭ دەرسخانىدىكى ئۆگىنىش ئەھۋالىنى كۆردى ھەم ئۇ بىلەن قىزغىن پاراڭلاشتى. ئاخىردا ئىسلام جەمئىيىتى ئۆمەك شەرىپىگە زىياپەت بەردى ۋە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنى تەقدىم قىلدى. زىياپەتتىن كېيىن ئۆمەكتىكى مۇسۇلمان دىنىي زاتلار مەملىكەت بويىچە مەشھۇر ۋە قەدىمىي نيۇجې مەسچىتىگە بېرىپ جۈمە نامىزى ئوقۇدى. (ئۆز مۇخبىرىمىز

## جۇڭگو ئىماملىرى ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا ماڭدى

جۇڭگو-مىسىر ئىككى دۆلەت ئىمزالاشقان مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش كېلىشىمىگە ئاساسەن، جۇڭگودىن بەش نە ياش ئىمام مىسىردىكى دۇنياغا مەشھۇر ئالىي ئىسلام بىلىم يۇرتى—ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بۇ قېتىمقى قاراردىكى ئىماما كۇرسىدا بىلىم ئاشۇرۇش ئۈچۈن 4-ئاينىڭ 30-كۈنى قاھىرەگە يۈرۈپ كەتتى. بۇ قېتىمقى ئىماملار جۇڭگو ھۆكۈمى كېلىشىمگە ئاساسەن ئەۋەتكەن 6-تۈركۈم ئىماملار بولۇپ، ئۇلار مىسىر ھۆكۈمىتىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانى 30 نەپەر جۇڭگولۇق ئىمامدىن دىنىي بىلىم ۋە ئەرەب تىلىدىن ئىمتىھان ئېلىش ئارقىلىق تاللىغان ئىماملاردۇر. ئۇلارنى ئىچىدە شىنجاڭدىن ئىككى نەپەر ياش ئۇيغۇر ئىمام بار. بۇ ئىماملار مېڭىش ئالدىدا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ چە ئەلگە ئوقۇشقا ئەۋەتىشكە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ مەسئۇللىرى—جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئى قوشۇمچە باش كاتىپى مۇھەممەد ھەنەفى ۋەن ياۋبىن، مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن نۇئمان ما شيەن، مۇھەممەد سەئىد يۈنفۇ، شەمشىدىن هاجى، جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى خالىد ياڭ زوڭشەن قاتارلىقلار ئۇلار بىلە

سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، ياش ئىماملاردىن كۆتىدىغان كونكرېت تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئاخىردا زىياپەت بېرىپ ئۇزىتىپ قويدى. (ئۆز مۇخبىرىمىز)

## خوتەن ۋىلايىتىدە ”قوش بەشتە ياخشى“لارنى تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىلدى

1998-يىل 2-ئاينىڭ 17-كۈنى ۋىلايەت بويىچە دىنىي ساھەدىكى ”قوش بەشتە ياخشى“لارنى تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىلدى. يىغىنغا خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى ياڭ جاۋجى، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى جۇرئەت مەتمىن، مۇئاۋىن ۋالىيلار ۋە ۋىلايەتلىك بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ مەسئۇللىرى، مەمۇرىي مەھكىمە مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى، ھەرقايسى ناھىيە (شەھەر) لىك بىرلىك سەپ بۆلۈمى ۋە مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى ئىدارىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە دىنىي زاتلاردىن بولۇپ 150 ئادەم قاتناشتى.

ياڭ جاۋجى، جۇرئەت مەتمىن قاتارلىق رەھبەرلەر يىغىندا مۇھىم سۆز قىلىپ، ۋىلايەت تەۋەسىدىكى دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ خىزمەتلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈردى ھەمدە نەتىجىلەرگە يۇقىرى باھا بەردى، شۇنداقلا دىنىي زاتلاردىن ئىسلام دىنىنىڭ ۋەتەننى، دىننى سۆيۈش، مۇقىملىق ۋە گۈللىنىشنى ياقلاش ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئېتىقادچى ئاممىنى ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا ئاتلاندۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

يىغىندا 24 ”بەشتە ياخشى“ مەسچىت، 33 ”بەشتە ياخشى“ دىنىي زات تەقدىرلەندى، يەنە ئابدۇغېنى داموللا ھاجى قاتارلىق 67 دىنىي زات شەرەپلىك ئىشلار بويىچە ئىلغار شەخسلەر ۋەكىلى بولۇپ باھالاندى ھەم تەقدىرلەندى.

يىغىن جەريانىدا ۋەكىللەر گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ، ئۆزلىرىنىڭ ”بەشتە ياخشى“ مەسچىت بەرپا قىلىش، ”بەشتە ياخشى“ دىنىي زات بولۇش، شۇنداقلا شەرەپلىك ئىشلار (مائارىپنى قوللاش، نامراتلارنى يۆلەش، يېتىم-يېسىرلارغا كۆيۈنۈش قاتارلىقلار) بويىچە ئىلغار بولۇش جەريانىدىكى تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇردى. (تۇرغۇن ئىمىن، سادىر تۇرسۇننىياز)

## مەكىت ناھىيىسىدىكى دىنىي زاتلار بېيىش يولىغا ماڭدى

يېقىنقى ئىككى يىلدىن بېرى مەكىت ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە دىنىي زاتلار ئارىسىدا قانات يايدۇرۇلغان ”ئۆز مېھنىتىگە تايىنىپ باي بولغانلاردىن ئۆگىنىش، يېتىشىۋېلىش، ئېشىپ كېتىش“ پائالىيىتىنىڭ ئىلھامى ئاستىدا ئۆز مېھنىتى ۋە ئەقىل-پاراسىتىگە تايىنىپ بېيىغانلار تۈركۈم-تۈركۈملەپ بارلىققا كەلدى.

بۇلتۇر بۇ ناھىيىدىكى 450 دىنىي زات ئائىلىسى ئىچىدىن يىللىق كىرىم يىگىرمە-ئوتتۇز مىڭ يۈەنگىچە بولغانلىرى 102 ئائىلىگە يەتتى. يەنە 308 دىنىي زات ئائىلىسىنىڭ يىللىق كىرىمى ئون-يىگىرمە مىڭ يۈەنگىچە يەتتى.

دىنىي زاتلار بېيىغاندىن كېيىن مائارىپقا جەمئىي 417 مىڭ 422 يۈەن، يېتىم-يېسىرلارغا 38 مىڭ 195 يۈەن، ئاپەتكە ئۇچرىغان جايدىكى خەلققە 21 مىڭ يۈەن نەق پۇل، 30 مىڭ يۈەن قىممىتىدە ئاشلىق، كىيىم-كېچەك ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ياردەم قىلدى. بۇ يىل كىرىشى بىلەن ناھىيە بازىرىدىكى 10 دىنىي زات 9000 يۈەن نەق پۇل، 1000 كىلوگرام گۆرۈچ، 800 كىلوگرام ئۇن قاتارلىق ماددىي نەرسىلەرنى قىيىنچىلىقى بار ئائىلە ۋە ”بەشتە كاپالەتلىك ئائىلە“لەرگە ھەدىيە قىلىپ، ئۇلارنىڭ قىشتىن ئامان-ئېسەن چىقىۋېلىشىغا ياردەم قىلىپ، كەڭ جاماەتنىڭ ھۆرمىتىگە ۋە ئىشەنچىسىگە ئېرىشتى.

مەكىت ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى يۇقىرىقىدەك ئەمەلىي نەتىجىلىرى ئارقىلىق 1997-يىلى قاغىلىق ناھىيىسىدە چاقىرىلغان ۋىلايەت تەۋەسىدىكى دىنىي زاتلارنىڭ ”ئۆز مېھنىتىگە تايىنىپ باي بولۇش، كۆپلەپ ياخشى ئىش قىلىش“ نەق مەيدان يىغىنىدا ۋىلايەت بويىچە بۇ خىزمەتنى قانات يايدۇرۇشتا ”نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك“ ناھىيە بولۇپ باھالىنىپ تەقدىرلەندى. (ياقۇپ ھاجى مۇھەممەد)

## 53 تۈەن رەھبەرلىكى بىر قىسىم مۇسۇلمان ئاممىسىنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلدى

شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 3-شى 53-تۈەن رەھبەرلىكى ئۆز تەۋەسىدىكى بىر قىسىم مۇسۇلمان ئاممىنىڭ تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بارلىقىنى ئۇققاندىن كېيىن، 1998-يىلى 4-ئاينىڭ 3-كۈنى قۇربان ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىغا بېرىپ، 957 نەپەر مۇسۇلمانغا 40 مىڭ 995 كىلوگرام ئۇن، 5512 يۈەن نەق پۇل ئاپىرىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئەمەلىي قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ، ئۇلارنىڭ قۇربان ھېيتنى خۇشال-خۇرام ئۆتكۈزۈشىگە قولايلىق يارىتىپ، پارتىيىنىڭ مېھرى-شەپقىتىنى يەتكۈزدى. (تۇرسۇن بارات)

# ♥ ژۇرنىلىمىز ئىئانىچىلىرىغا تەشەككۇر ♥

ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن بۇيان، ژۇرنالدىن بەھرىمەن بولغان بىر قىسىم دىنىي قېرىنداشلار، ژۇرنىلىمىز زوقمەنلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار ئۆزلۈكسىز تۈرد ئۆز ئىختىيارى بىلەن خالىسانە ئىئانە ئەۋەتىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ ژۇرنالنى قىزغىن قوللايدىغانلىقىن ئىپادىلەۋاتىدۇ. ژۇرنىلىمىز تەھرىر بۆلۈمى ئۇلارغا مىڭ مەرتىۋە تەشەككۇر ئېيتىدۇ.

ئاللاتائالا ئۇلارغا ئىككى ئالەملىك بەخت-سائادەت ئاتا قىلغاي، ئامىن!

## ئىئانە قىلغۇچىلارنىڭ ئىسىم شەرىپى

1. غۇلجا شەھرىدىن: **مۇھەممەد ئىمىن ھاجىم** 1000 يۈەن
2. ئاتۇش شەھرىدىن: **ئۆمەرجان مۇھەممەد** 163 يۈەن
3. مايتاغ خىمىيە سانائەت باش زاۋۇتىدىن: **گۈلباھار** 150 يۈەن
4. قاراماي شەھرى مايتاغ 5-رايوندىن: **رەۋۇخان ھاجى** 136 يۈەن
5. قەشقەر شەھرىدىن: **ئىسمائىل ياقۇپ** 120 يۈەن
6. بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتىدىن: **ئەخمەت ھاجى پاسار** 100 يۈەن
7. چاقىلىق ناھىيىسىدىن: **مۇھەممەد توختى ھاجى** 100 يۈەن
8. پوسكام ناھىيىسىدىن: **زىننەت ئۆمەر** 99 يۈەن
9. مەكىت ناھىيىسىدىن: **ئوبۇل قاسىم** 70 يۈەن
10. غۇلجا ناھىيىسىدىن: **ئابدۇراخمان** 50 يۈەن
11. توقسۇن ناھىيە ئاقتاشتىن: **نىيازخان ھاجىم** 50 يۈەن
12. بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتىدىن: **يۇلت**
**ئەخمەت** 50 يۈەن
13. گۇما ناھىيىسىدىن: **ئۆمەر توخت**
35 يۈەن
14. پەيزىۋات ناھىيىسىدىن: **ئابلىمىت ياس**
35 يۈەن
15. مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسىدى
**تىللاخان** 30 يۈەن
16. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن: **خەيرىگۈ**
**ئابدۇغوپۇر** 10 يۈەن
17. تۇرپان شەھرىدىن: **ئابدۇقاد**
**يۇنۇس 9 يۈەن**

## ئاقسۇ كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى ئىئانىچىلەرنىڭ ئىسىم شەرىپى

1. ناھىيە بازىرىدىن: يەككە تىجارەتچى **ئەخمەتجان** 100 يۈەن
2. ناھىيە بازىرىدىن: **مۇسا قارىي ھاجىم** 20 يۈەن
3. ناھىيىلىك كىنو شىركىتىدىن: **ئابدۇرىشىت مۇسا** 50 يۈەن
4. چاغراق يېزىسىدىن: **مۇھەممەد قارىي ھاجىم** 30 يۈەن
5. ئارال يېزىسىدىن: **مۇرتىزا قارىي ھاجىم** 30 يۈەن
6. ئارال يېزىسىدىن: **تۇردى سىدىق ھاجىم** 30 يۈەن
7. ئارال يېزىسىدىن: **نۇرۇللا ھاجىم** 20 يۈەن
8. قىزىل يېزىسىدىن: سايىت ساۋۇر 30 يۈەن
9. قىزىل يېزىسىدىن: **ئابدۇرەھىم ياقۇپ** 20 يۈ
10. بوزدۆڭ يېزىسىدىن: **ئابدۇرەھىم ھاجىم** 30 يۈ
11. جام يېزىسىدىن: **يۇسۇپ ئېلى** 20 يۈەن
12. تۇمشۇق يېزىسىدىن: **قۇۋان ھاجىم** 20 يۈەن

توپلاپ ئەۋەتكۈچى: ناھىيىلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمىدىن دايىم داۋۇت

ئىئانە قىلغۇچىلار ئىئانىنى «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە بىۋاستە ئەۋەت بەرسە بولىدۇ، ئىسلام جەمئىيەتلىرى ياكى ئىشەنچلىك شەخسلەر ئارقىلىق توپلاپ يوللاپ بەرسىمۇ بولىد ئىئانىنى تاپشۇرۇۋالغان ھامان تاپشۇرۇۋېلىش ھۆججىتى ئەۋەتىپ بېرىلىدۇ. ئىئانە قىلغۇچىلارنىڭ ئىس فامىلىسى ۋە ئىئانە قىلغان پۇلنىڭ سانى ژۇرنالدا ئاشكارا ئېلان قىلىنىدۇ ۋە ئۇلارغا ئىسمى چىققان ژۇرنا ئەۋەتىپ بېرىلىدۇ. شۇڭا ئىئانە قىلغۇچىلارنىڭ ئۆزىنىڭ تەپسىلىي ئادرېسى ۋە پوچتا نومۇرىنى ئېنىق يېزى ئەۋەتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈم

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى بۇ يىل 4-ئاينىڭ 27-كۈنىدىن 30-كۈنىگىچە بېيجىڭدا 2-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ۋەزىتەبلىغ مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. سۈرەتتە، خوتەننىڭ لوپ ناھىيىسىدىن كەلگەن ئىمام ۋە خاتىپ ئابدۇل ھەمەد مەخسۇم «ئىسلام دىنى زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى ئىلىپ-سېتىش ۋە ئىستېمال قىلىشنى ھارام ھېسابلايدۇ» دېگەن تېمىدا ۋەزىتەبلىغ قىلماقتا.






...لىغ مۇسابىقىسى مەيدانىدىن بىر كۆرۈنۈش.

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرى نوئمان ما شيەن، ئابدۇرەھىم ئىمىن، شەمشىدىن ھاجىلار ۋە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى خەلقئارالىق ئىشلار بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئادىل ھاجى شىنجاڭلىق ۋەزىتەبلىغچىلەر بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.



زۇرنىلىمىزغا 1998-يىللىق ...
قوبۇل قىلىشتا شەرەپلىك ...
(مۇشتەرى قوبۇل قىلغان ...
كۆپ-ئازلىقى بويىچە تىزىلدى.)
شىنجاڭ ئىسلام جەمئىيىتى، ...
ۋىلايىتى، خوتەن ۋى...
خوتەندىن: قاراقاش ناھ...
قەشقەردىن: يەكەن ناھ...
ئاقسۇدىن: كوناشەھەر ناھ...
قەشقەردىن: كوناشەھەر ناھ...
قەشقەردىن: مارالبېشى ناھ...
ئاقسۇدىن: باي ناھ...
خوتەندىن: گۇما ناھ...
تۇرپاندىن: پىچان ناھ...
ئاقسۇدىن: ئاۋات ناھ...
ئاقسۇدىن: توقسۇ ناھىيىسى...

## مۇسۇلمانلار ئالىي چىش مەلھىمى

«تيەنفاڭ» (天芳) ماركىلىق مۇسۇلمانلار چىش مەلھىمى يۇقىرى تېخنىكا خادىملىرى ۋە مۇتەخەسسىسلىرى چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ ئىشلىگەن بىر خىل يېڭى تىپتىكى ئالىي چىش چوتكىلاش مەلھىمى بولۇپ، تيەنجىن شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ نازارەتچىلىكىدىن ئۆتكۈزۈش بىلەن مەسچىت كارخانىسىدا مەخسۇس ماشىنا ۋە مەخسۇس لىنىيىدە كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ئادىتىگە ۋە ئېتىقادىغا تولۇق ماسلاشتۇرۇپ ئىشلەپچىقىرىلغان. ئۇنىڭغا ئىشلىتىلگەن گلىتسېرىن ئىسلام دۆلىتى مالايشىيا ۋە ھىندونېزىيىدىن كىرگۈزۈلگەن كوكۇس يېغىدىن چەككىلىۋېلىنغان، ھايۋانات مېيى گلىتسېرىنى ئىشلىتىلمىگەن، ئۇنىڭغا ئىشلىتىلگەن خام ئەشيالارنىڭ ھەممىسى تەبىئىي ئەشيالار بولۇپ، ھېچقانداق خىمىيۋى دورا ماتېرىياللىرى قوشۇلمىغاچقا ئۇنىڭدا قىلچە زىيانلىق تەسىر يوق.

بۇ مەلھەم پاكىز ۋە مېۋە تەمى پۇرىقىدا خۇش ھىدلىق بولۇپ، ئېغىزدىكى زىيانلىق مىكروبلارنى ئۆلتۈرۈش، سېسىق پۇراقنى ئېلىش، ئېغىزنى پاكىزلاش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولۇش بىلەن بىرگە، چىشنى ئاسراش، ساغلاملاشتۇرۇش ئۈنۈمىگە ئىگە، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىتىشىگە ناھايىتى باپ كېلىدۇ.

تيەنجىن شەھىرى جىننەن رايونى شياۋجەن بازىرى سىداۋگۇ مەسچىتى
تيەنجىن مىللەتلەر كۈندىلىك ئىستېمال بۇيۇملىرى خىمىيە زاۋۇتى
天津市津南区小钻镇四道沟清真寺　　天津市民族日用化学厂
电话：022—28619227 :تېلېفون　　邮编：300353 :پوچتا نومۇرى

جايلاردىن زۇرنىلىمىزنىڭ 97-يىللىق توپلىمىنى تەلەپ قىلغۇچىلار بارغانسېرى كۆپىيىۋاتىدۇ. جامائەتچىلىكنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن يەنە بىر تۈركۈم ژۇرنالنى توپلەتتۇق، (96-يىللىق توپلامدىنمۇ بىر تۈركۈم بار) باھاسى 15 يۈەن (پوچتا ھەققىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە). سېتىۋالغۇچىلار ژۇرنالدىكى ئادرېس بويىچە بىۋاستە تەھرىر بۆلۈمىمىزگە پۇلنى يوللاپ بەرسە، ژۇرنالنى دەرھال ئەۋەتىپ بېرىمىز.

ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

## ژۇرنىلىمىزنىڭ 1998-يىللىق شەرەپلىك مۇشتەرىلىرى

غۇلجا شەھىرىدىن : مۇھەممەد ئىمىن ھاجىم
ئۈرۈمچى شەھىرىدىن (ھازىر بېيجىڭدا تىجارەتچى) : ئابدۇۋاھىت ئەمەت
ئۈرۈمچى شەھىرىدىن (ھازىر بېيجىڭدا تىجارەتچى) : ئابلىھېكىم ھاجىم ئىبراھىم ھاجى
ئۈرۈمچى شەھىرىدىن (ھازىر بېيجىڭدا تىجارەتچى) : تۇرسۇن قارىي ئابابەكرى ھاجى
بېيجىڭ مىللەتلەر باسما زاۋۇتىدىن (ھازىر تىجارەتچى) : ياسىن ئەسەيدۇللا
ئاقسۇ ئۇچتۇرپاندىن (ھازىر بېيجىڭدا تىجارەتچى) : بەختىيار قادىر

ISSN 1007-5836
9 771007 583001 06>

《中国穆斯林》(维吾尔文版)
1998 年第二期(总 47 期)

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى»
1998-يىل 2-سان(ئومۇمىي 47-سان)

刊号: ISSN 1007—5836 :خەلقئارالىق نومۇرى
CN11—1346/B :دۆلەت ئىچى نومۇرى ژۇرنالنىڭ

...开发行　　定价：3.00 元

ئاشكارا تارقىتىلىدۇ　　باھاسى: 3.00 يۈەن